# مەرىپەت


دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2023-يىللىق 4-سان ، ئومۇمىي 40-سان




- ئىسلامدا ئېتىقاد ئەركىنلىكى
- يېڭى دۇنيا تەسەۋۋۇرى
- ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ ئورنى
- ئەللامە يۈسۈپ قەرزاۋىينىڭ ھاياتى

## جامائەتچىلىكنىڭ ئەھمىيىتى

## ئوقۇش، ئۆگىنىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىزدۇر

# مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

## كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە...

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ سەككىزىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا بىز قەدىرلىك ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ–قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىشى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەممىي ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر:

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.
4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۇتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى پائال قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژورنىلى» تەھرىر ھەيئىتى

# مۇندەرىجە


ئوقۇش، ئۆگىنىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىز.................مۇھەممەت يۇسۇپ 5

ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ ئورنى ........ ................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 17

ئىسلامدا ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئۇقۇمى..... ...................ھەبىبۇللا مەتقۇربان 29

ئەللامە يۇسۇپ قەرزاۋىي.........تەھرىراتتىن 59

يېڭى دۇنيا تەسەۋۋۇرى...تاھىرجان ئاباس 63

جامائەتلىشىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى........ ..........ئا. ئۇچقۇن ھاجى ئەمچى 70

قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان.......... ئابدۇمىجىت مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى 75



دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي
پەسىللىك ژۇرنال

2023

4-سان (ئومۇمىي 40-سان)



ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئاتاۋۇللا سەئىد
مۆمىنجان سىدىق
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)



مۇشتەرى بولۇش
ئەسەر ئەۋەتىش
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىش
www.meripetjournal@gmail.com
www.merifet.net



## ئابدۇقادىر داموللام ئۆگۈتلىرىدىن...

كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغۇچى بولما. دوستلار سەن بىلەن ئۈچرىشىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شۈبھىسىزكى، خارلىق دېگەن كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماقتۇر. گەرچە سېنىڭ سورىغىنىڭ يول نەدە؟ دېگەن سۇئال بولسىمۇ.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقلىرى ھەممەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئەمگەكچان قوللىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان. شۇڭا، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزمۇ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

ھەرقانداق بىر ئىش ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ.

سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەپ نېمىدۇر؟

جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق؛ يەنە بىرى، تەپرىقچىلىك ھەم ئىختىلاپتۇر.

نىيەت قانچە ياخشى بولسىمۇ، پايدىلىق ئەمەل بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يەتمەيدۇ.

قانائەت ئەھلى ئەل ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئەلالىرىدىن سانىلىدۇ. ھەرقانچە ئىززەتلىك، ئېسىلزادە كىشى بولسىمۇ تەمەخور بولسا، ئىززىتى نابۇت بولىدۇ. ئېيتى ئەنقا ئاتىلىدىغانلارنى زامانداشلىرىمىزدىن كىم كۆرۈپتۇ؟!... دېمەك، قانائەت ئەھلى ئەنقا كەبى يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.



# ئوقۇش، ئۆگىنىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىز

مۇھەممەد يۈسۈپ



ئىلىم ياراتقۇچىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ. شەكسىزكى، ياراتقۇچىنى بىلىش ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش بىلەن بولىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، بىزنى ياراتقان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالانى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش شەرت. چۈنكى، ئوقۇماستىن بىلگىلى بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَـٰهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگىن»[1] دەپ كەلگەن. يارىتىلىشنىڭ غايىسىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ياشاشتۇر. بۇنى ئىبادەت دەيمىز. ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئىبادەتتىن مەقسەت: ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈشتۇر. بۇ ۋەزىپىنى ۋە بۇ غايىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئوقۇش، ئۆگىنىش شەرتتۇر. چۈنكى، ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى تونۇغىلى بولمايدۇ؛ ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئۇنى رازى قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يول بويىچە ياشىغىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىلىمدۇر. قىسقىسى، ئىلىم ئاللاھ تائالاغا يېتىشنىڭ شوتىسى، جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى، بەختلىك ھاياتنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

[1] سۈرە مۇھەممەد، 19- ئايەت.

[2] سۈرە زارىيات، 56- ئايەت.

دۇنيالىق ئۆچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، ئاخىرەتلىك ئۆچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىككىلىسى ئۆچۈنمۇ ئىلىم كېرەك. دېمەك، ئىككىلى ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك ۋە ھۆزۈرلۇق ھاياتقا ئىگە بولۇش ئۆچۈن ئىلىم كېرەك. مۇستەملىكىدىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل، ھۆر، ئازادە ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۆچۈنمۇ ئەلۋەتتە ئىلىم كېرەك. ئىلىم-پەن بىلەن قوراللىنىش ئارقىلىق كۈچلۈك بولغىلى بولىدۇ، كۈچلۈك بولغاندا ئۆز-ئۆزىمىزگە خوجا بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇش، ئۆگىنىش بىز ئۆچۈن تاللاش ئەمەس، بەلكى پەرز ۋە قەرزدۇر.

شەكسىزكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ ئالدىنقى چاقىرىقىدۇر. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەت، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن تۇنجى ۋەھيى «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغان. ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدا، «پېئىلنىڭ مەفئۇلى (يەنى تولدۇرغۇچىسى) تىلغا ئېلىنمىسا، پېئىلنىڭ مەنىسى ئۆزىنىڭ ئومۇملىقىدا قالىدۇ» دەيدىغان قائىدە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئوقۇ!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئوقۇيدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇقى دىنىڭ ۋە دۇنيالىقنىڭ ئۆچۈن مەنپەئەتلىك بولغان ھەر قانداق ئىلىمنى ئوقۇغىن، ئۆگەنگىن ۋە بىلگىن دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ﴾ يەنى «ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!»[1] دېگەن بۇ بۇيرۇقى ئىماننى غايە قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى بىلىپ ئىمان ئېيتىش بىلەن تاكامۇللىشىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئىمان بىلەن قوراللانمىغان ھەرقانداق ئىلىم بالايىئاپەت بولۇپ، ئىنساننى زوراۋانلىققا، ئاجىزلارنى ئېزىشكە، باشقىلارنىڭ ھېسابىغا جوگىيىشقا ۋە نۇرغۇنلىغان يولسىزلىقلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئىلىم ئۆز يولىدا ئىشلىتىلمىگەن ۋە ئۆز غايىسىدىن چەتنىگەن ئىلىمدۇر. بىز ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنى ئوقۇساقمۇ، تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئوقۇساقمۇ، شۇنداقلا دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىز ئۆچۈن مەنپەئەتلىك ھەرقانداق ئىلىمنى ئوقۇساقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان بولىمىز. لېكىن، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇش بىلەن باشقا ئىلىملەرنى ئوقۇش ئارىسىدا دەرىجە جەھەتتە پەرق بار. چۈنكى، دىنىمىزنى بىلىش بارچە بىلىشلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بولۇپ، بىرى، «قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى، كائىناتتۇر. شۇڭا، بەزى ئۆلىمالار «كائىنات

[1] سۈرە ئەلەق، 1-ئايەت.

سۆزلىمەيدىغان قۇرئاندۇر، قۇرئان سۆزلەيدىغان كائىناتتۇر»[1] دەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ «كالام» (سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ ئەسىرى بولسا، كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ سانائ (سەنئەتكار) سۈپىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. دۇنيادىكى ھەر ساھە ئىلىم ـ پەن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئاللاھ تائالانىڭ «كائىنات» ناملىق كىتابىنى ئوقۇۋاتقان ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىۋاتقان.

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرىجىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان. ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ يەنى «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[2]. ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن: ﴿هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟»[3] دېگەن. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىلىم ئەھلى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىلىمنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى

ئىسلام نەزىرىدە ئوقۇش، ئۆگىنىش پەرزدۇر. ئىسلامدا پەرز بولغان ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى پەرز ئەين، يەنە بىرى پەرز كۇپايەدۇر. پەرز ئەين ــــ ھەربىر ئادەم ئۆزى قىلمىسا، ئادا تاپمايدىغان ئەمەل دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، ئىمان ئېيتىش، ئوقۇش، ئۆگىنىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش دېگەنگە ئوخشاش. پەرز كۇپايە ــــ مەلۇم كىشىلەر قىلسا، قىلمىغانلارنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولىدىغان ئەمەل دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، تارىخ، مېدىتسىنا، ئىقتىساد، سىياسەت، فىزىكا، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، بىناكارلىق قاتارلىق ئىلىم تۈرلىرىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش مۇسۇلمانلار جامائىتى ئۈستىگە پەرز بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇشى بىلەن قالغانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ پەنلەردە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولمىغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

### 1. پەرز ئەين بولغان ئىلىم

پەرز ئەين بولغان ئىلىم ــــ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى

[1] دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلۇسىي: «مۇقەۋۋىماتتۇتتەكەللۇق»، 34 ـ بەت.
[2] سۈرە مۇجادەلە، 11 ـ ئايەت.
[3] سۈرە زۇمەر، 9 ـ ئايەت.

ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ۋە ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى بىلىش؛ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ، تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ، قوشنىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشنىڭ، پۇل ـ مالنى ھالالدىن تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەيىن. بۇلارنى بىلمىگەن ئادەم شەكسىز گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىملەر ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەردۇر. بۇنىڭدا بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاق.

ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ ئىلىملەرنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭدىكى دىنىي مەسىلىلەرنى بىلىشكە ئىنتايىن ھېرىس ئىدى. ئۇلار ھەر ئون ئايەتنىڭ مەنىسىنى، ئۇنىڭدا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، باشقا ئايەتلەرنى ئۆگىنىشكە يۆتكەلمەيتتى.

### 1. پەرز كۇپايە بولغان ئىلىم

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، مىراس ئىلمى، تارىخ، ئىسلام تەربىيەسى قاتارلىق ئىسلامىي ئىلىم ساھەلىرىدە؛ شۇنداقلا مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، فىزىكا، بىيولوگىيە، بىناكارلىق، ئىقتىساد، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەردە، شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن كېرەك بولغان ھەرقانداق ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ساھەلەردە ئوقۇسا، ئوقۇمىغانلىرىدىن بۇ پەرز ساقىت بولىدۇ. ئەگەر بىرەر رايوندىن، ھەتتا بىرەر رايون ۋە بىرەر مەھەللىدىن بۇ پەنلەرنى ئوقۇيدىغان ئادەملەر چىقمىسا، شۇ رايون ۋە مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئىلىملەرنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى ساقىت بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ئەللامە ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي مۇنداق دېگەن: «پەرز كۇپايە بولغان ئىلىمنىڭ بايانى شۇكى، ھەرقانداق ئىلىمنىڭ دەرىجىسى خاراكتېرىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى دىنىي ئىلىم، يەنە بىرى دىنىي بولمىغان ئىلىمدۇر. دىنىي ئىلىم دېگىنىمىز: پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يولى بىلەن كەلگەن، ئەقىل يولى بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئىلاھىي ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي بولمىغان ئىلىملەر: تىبابەت ۋە ماتېماتىكىغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنى

كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىبابەت ئىلمىگە، مۇئامىلە، مىراس تەقسىماتى دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن ماتېماتىكىغا موھتاج بولىدۇ. بۇنداق ئىلىملەرنى ھەربىر رايوندىن مەلۇم كىشىلەر ئۆگەنسە، باشقىلاردىن ئۆگىنىش پەرزى ساقىت بولىدۇ. بىزنىڭ ‹تىبابەت ۋە ماتېماتىكا ئىلمىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايەدۇر› دېگەن سۆزىمىزگە ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ، بەلكى دېھقانچىلىق، ھىجامەت، سەيپۇڭلۇق قاتارلىق ئىلىم ۋە سانائەتلەرنى ئۆگىنىشمۇ پەرز كۇپايەدۇر»[1].

بۇ ئالىم 11- ئەسىردە ياشىغانلىقتىن، شۇ دەۋرنىڭ سەۋىيەسى ۋە شۇ دەۋردىكى چەكلىك ئىلىم تۈرلىرى ئۈستىدىلا توختالغان.

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بارلىق دىنىي ئىلىملەر ۋە بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ياردەمچى بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلەر ﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. يەنى دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، دىنىي ئىلىملەردىن بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانلار موھتاج بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك، سانائەت قاتارلىق ئىلىملەرمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىن بۇ ئىلىملەرنى مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مۇسۇلمانلارنى باشقىلارنىڭ پەن - تېخنىكىسىدىن بىھاجەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆگىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىنىي ئەمەس ئىلىملەرنىڭ ساۋاب جەھەتتىكى دەرىجىسى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ»[3]. بۇ پەتىۋا شۇنى ئوچۇقلايدۇكى، مەيلى دىنىي ئىلىملەر دەپ ئاتالغان تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرنى بولسۇن، مەيلى دۇنيالىق ئىلىملەر دەپ ئاتالغان ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، فىزىكا، بىيولوگىيە، بىناكارلىق، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق پەنلەرنى بولسۇن، ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە ئوقۇغان ئادەم ئاللاھ تائالا دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدىغان ئالىملار قاتارىغا كىرىدۇ، دىنىي

[1] ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي: «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 1- توم، 16- بەت.
[2] سۈرە مۇجادەلە، 11- ئايەت.
[3] سەئۇدى ئەرەبىستان «پەتىۋا كومىتېتى»نىڭ 77/12 نومۇرلۇق پەتىۋاسى.

ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر قاتارىدا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ، «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[1] دېگەن ھەدىستىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى، مەيلى قانداق ئىلىم بولسا بولسۇن، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئىلىملا بولىدىكەن، ئۇ دىنىي ئىلىمدۇر، ئاخىرەتلىك ئىلىمدۇر ۋە دىنىمىزدا پەرز بولغان ئىلىمدۇر. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى جىبرىن: «مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى، خۇسۇسەن ئەسكىرىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەممىدىن بەك زۆرۈردۇر ۋە مۇھىم پەرزدۇر»[2] دېگەن. خۇددى ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار دىنىي ئىلىم بىلەن دۇنيالىق ئىلىمنى بىللە ئېلىپ بارغاندەك، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە دۇنيالىق ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىشى تولىمۇ زۆرۈر. دۇنيالىق ئىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇش دىندا ئالىم بولۇشقا زىت كەلمەيدۇ، دىنىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش باھانىسى بىلەن دۇنيالىق ئىلىملەردىن يۈز ئۆرۈشكە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك دۇنيالىق ئىلىملەرگىلا بېرىلىپ كېتىپ دىنىي ئىلىملەرنى تەرك ئېتىشكىمۇ بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى ئاللاھ! ئىشىمنىڭ تۈگۈنى بولغان دىنىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، تۇرمۇشۇمنىڭ كاپالىتى بولغان دۇنيالىقىمنى ياخشىلاپ بەرگىن»[3] دېگەن دۇئاسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككىسىنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىدۇ.

## ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دەپ ئايرىشنىڭ خاتالىقى

مەن ئويلايمەنكى، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشقا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ئىلىم دىنىي ئىلىم سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھايات كەچۈرۈپ، ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىشقا ياردەم قىلىشنى ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى كۆزلەپ ئوقۇغان ھەرقانداق ئىلىم دىنىي ئىلىم ۋە جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش ياكى شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئوقۇغان ھەرقانداق ئىلىم دۇنيالىق ئىلىم سانىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى، بەزى كىشىلەر فىزىكا، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا قاتارلىق دىن بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم ـ ھېكمىتىنى، «قۇرئان كەرىم»دىكى

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
[2] ئەللامە ئىبنى جىبرىننىڭ ئىلىم توغرۇلۇق لېكسىيەسىدىن.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەقىقەتلەرنى بىلىپ ئىماننى كۈچەيتىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ دىنغا دەۋەت قىلالايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئاخىرەتلىك ئىلىملەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن، باشقا مۇددىئالار بىلەن ئوقۇپ، ئوقۇغانلىرىنى شۇ مۇددىئالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، بەزى كوممۇنىست دۆلەتلەر ئۆزى دىنغا ئىشەنمەيدىغان تۇرۇقلۇق، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ ئوقۇتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مۇنداق ئوقۇغانلار ئومۇمەن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدۇ. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي ماقامدىكى جانباقارلىرىنىڭ قالايمىقان پەتىۋا چىقىرىۋاتقانلىقى، ھاكىمىيەتنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىننى بۇرمىلاپ بېرىۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

ئىسلامنىڭ ئۈلگىلىك دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان بارلىق ئىلىملەر مۇھىم ئىدى، ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە تىبابەت، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى، ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە ئىجادىيەتكىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنى نەپلە (ئىختىيارى) ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئەۋزەل كۆرەتتى. چۈنكى، كىشىلىك ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسى شۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان كىشىگىلا بولسا، ئىلىم - پەننىڭ پايدىسى بارلىق ئىنسانلارغا بولىدۇ. ياۋروپانىڭ قاراڭغۇلۇق ئەسىرلىرىدە، ئىلىم-پەن سايىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنى ئېلان قىلغان بەزى ئالىملار چېركاۋ زوراۋانلىرى تەرىپىدىن تەھدىتلەرگە ئۇچرىغان چاغلاردا، ئىسلام دۇنياسىدا ئىبنى رۇشد، خارەزمىي، ئىبنى ھەيسەم، فارابىي، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەربىرى مىدىتسىنا، جۇغراپىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم - پەنلەرگە تۆھپە قوشۇپ، نام قازانغانىدى.

كۆپلىگەن پەيلاسوپلار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى «ئىلىم ئاللاھقا باشلايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بىردەك سۆزلىمەكتە. چۈنكى، ياراتقۇچىنى تونۇش ۋە كائىناتنى بىلىش پەقەت ئىلىم سايىسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. 19- ئەسىردە

ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسەر[1] Herbert Spencer «تەربىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ئىلىم خۇراپات بىلەن زىتلىشىدۇ، ئەمما دىنىنىڭ ئەسلىسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. كۆپلىگەن يۈزەكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدە دىنسىزلىق روھى بار. ئەمما يۈزەكىلىكتىن يۈكسىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلىم مۇنداق دىنسىزلىق روھىدىن يىراق، ئەلۋەتتە. تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى، تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالمايدىغان دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا ـ ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيىلەش) ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر. بۇنداق ئىلىم كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قانداق شەكىل ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىستىبداتلىق يولىنى تۇتمايدۇ، لېكىن بىزگە بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ يول تۇتىدۇ ۋە ئىنسانىي ئەقلى يېتىدىغان بارلىق ساھەلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئەقلىنىڭ سىرتىدا بولغان چېگرادا توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا دەيدۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى شۇنچىلىك يەرگىچە يېتىدۇ، ئەمما ئەقىل ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!»[2].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟»[3] دەيدۇ. ھېربېرت سپېنسەر خۇددى بۇ ئايەتنى شەرھىلىگەندەك مۇنداق دېگەن: «بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ مەلۇم نىسبەتتىكى ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېندىن تەركىب تاپقانلىقىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن

[1] ھېربېرت سپېنسەر —— (1820 ـ 1903) جەمئىيەتشۇناسلىقتا دائىر كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەنگلىيەلىك ئاتاقلىق ئەدىب ۋە پەيلاسوپ.
[2] «التربية » (تەربىيە) ناملىق ئەسەرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى، 145 ـ بەت.
[3] سۈرە زۇمەر، 9 ـ ئايەت.

گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما، شەيئىلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى ‹مۇزلىغان سۇ› دەپلا كۆرىدۇ، بەس»[1].

## بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز

ئەپسۇسكى، 16- ئەسىردىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتىن چېرىكلىشىشكە باشلىدى، تۈرلۈك خۇراپاتلار، يوقسۇللۇق ۋە موھتاجلىق ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئۇلار مەسجىدتىن يۈز ئۆرۈپ خانىقاغا يۈزلىنىدىغان؛ ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا قىلماي، ئاتالمىش ئەۋلىيالارغا قىلىدىغان؛ تەپسىر، ھەدىس، تارىخ، ئىلىملىرىنى ئوقۇشنىڭ ئورنىغا تەرىقەتچىلىك، تەركىدۇنيالىق دېگەندەك ئاساسلىق مەقسەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئوقۇشنى ۋە شۇلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەندىن كېيىن؛ ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارادىكى يۇكسەك ئورنىنى، ئىلىم-پەندىكى تەرەققىيات دەۋرىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ھەر تەرەپتىن يوقسۇل بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىنىڭ زەھىرى بىلەن ھوشسىزلانغاندىن كېيىن ئىلىم- پەندىكى تەرەققىيات دەۋرى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. مەلۇمكى، ئىسلام دىنىمىز زاھىدلىققا تەرغىب قىلىدۇ، ئەمما تەركىدۇنيالىقنى قەتئىي چەكلەيدۇ. چۈنكى، تەركىدۇنيالىق دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپىغا ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىق ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. زاھىدلىق —— مال- دۇنياغا قۇل بولماسلىق، دۇنيانى ھەممىدىن چوڭ بىلىۋالماسلىق، دېگەنلىك بولسا، تەركىدۇنيالىق —— دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

مۇسۇلمانلار شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ قۇرۇق جازىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تېشى پار- پار، ئىچى قۇرۇق ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. بۇرۇن ئىبنى سىنا، فارابىيلارنى يېتىشتۈرگەن مەدرىسەلەر كېيىنچە، قارا قورساقلارنى، جانباقارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. مەدرىسەلەردە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە دېگەندەك ئىلىملەرنى ئوقۇتۇش مەقسەتلىك ھالدا دەھرىيلىك دەپ تەشۋىق قىلىندى، ئىلىم- پەنگە يۈزلەنگەنلەر «جەدىدچى» دەپ قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، ئەل- جامائەتنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسىتىلدى. ھەتتا، ئۇلۇغبەگدەك ئالىملارمۇ ئاسترونومىيە ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆزىگە رەسەتخانا ياساتقانلىقى ئۈچۈن، «مۇرتەد»

[1] «التربية » (تەربىيە) ناملىق ئەسەرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى، 148- بەت.

دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئابدۇلقادىر داموللام بولسا، «جەدىدچى» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ بىر خائىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. دىن بىلەن پەن بىر - بىرىگە زىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، دىنىي ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دېگەن ئايرىمچىلىق رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقتى. دىندا ئوقۇغانلار «ئۆلىما» ئاتالدى. ئۇلارنى مەسخىرە قىلماقچى بولسا، «موللام» دەپ قويىدىغان بولدى، پەندە ئوقۇغانلار «زىيالىي» ئاتالدى. ئۆلىما بىلەن زىيالىي ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى قېلىن سېپىللار سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە بەكمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىلدى.

ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغانلار دۇنياغا ھۆكۈمران بولدى. ئىلىم - پەندىن يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇۋالغانلار دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ مەھكۇملۇقتا ياشايدىغان بولدى. دۇنيا رىقابەت دۇنياسى بولۇپ، دۇنيادا ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇپ ياشاش ئۈچۈن رىقابەتتىن قاچماي، دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىپ ياشاش شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق ياشىسۇن دەپ زامانغا لايىق ھەربىي كۈچ تەييارلاشقا، زاماننىڭ رىقابىتىگە ھازىر بولۇشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ**﴾ يەنى «دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە، كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر»[1]. بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىزنى بۇ دۇنيادا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇپ ئەركىن، ھۆر ياشاشقا؛ ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇزۇن يىللىق ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەمدىلا تونۇپ يېتكەن بولساق؛ باشقىلار خېلى بۇرۇنلا بۇ قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئىدى. ئايەتتىكى «كۈچ» ئىلىم كۈچى، قورال كۈچى، ئادەم كۈچى، پەن - تېخنىكا كۈچى، ئىقتىساد كۈچى، تەشۋىقات كۈچى قاتارلىق بارلىق كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش» دېگەننىڭ مەنىسى سىلەرنى يوقاتماقچى، مۇستەملىكە قىلماقچى، بوزەك قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك بولۇڭلار؛ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇڭلار؛ زاماننىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا كۈچكە ئىگە بولۇپ، دۈشمەنلەرنى سىلەرگە خىرىس قىلىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈڭلار، دېگەنلىكتۇر. بىز شۇنداق قىلالىدۇقمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلالمىدۇق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى «ئى

[1] سۈرە ئەنفال، 60 ـ ئايەت.

رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[1] دەپ تىلەكلەر دېيىش ئارقىلىق ھەم دۇنيالىق ھەم ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان تۇرسا، دۇنيالىقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئاخىرەتلىككىلا تۇرىدىغان بولدۇق. ئاندىن بۇ ئاخىرەتلىكنىمۇ ئۆز جايىدىن ئەمەس، خانىقالاردىن، مازارلاردىن ۋە تەركىدۇنيالىقتىن ئىزدىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. بىز يەنىلا ئوقۇش، ئۆگىنىش ئارقىلىق كۈچلىنىش بىلەن چوقۇم تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.

## ئۆلىما ۋە زىيالىيلىرىمىز

ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز بىزنىڭ نۇرلۇق چىراغلىرىمىز بولۇپ، يولىمىزنى يورۇتىدۇ ۋە بىزنى قۇتۇلۇش يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلالىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈشى شەرت. چۈنكى، ئىلىم كەسپىي ئىلىم ۋە ئۇنىۋېرسال ئىلىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كەسپىي ئىلىم ھەربىر ئۆلىما، ھەربىر زىيالىي مۇتەخەسسىس بولغان ساھەنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز ئۆز كەسپىدىن باشقا ئىلىم ساھەلىرىدىمۇ يېتىشىپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشى زۆرۈر. شۇڭا، ئۆلىمالارنىڭ پەننىي ساھەلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى، زىيالىيلارنىڭمۇ دىنىمىزنى ئوبدان ئۆگىنىپ، دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئاھالىسى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بىر مىللەتنىڭ زىيالىيسى ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىنى، ئەخلاقىنى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى پىششىق بىلىشى، خەلقنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېتىقادى، ئاشۇ ئەخلاقى ۋە ئاشۇ قائىدە-يوسۇنلىرى بىلەن قوشۇپ سۆيۈشى لازىم.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پىداكار ئۆلىمالىرى بىلەن پىداكار زىيالىيلىرى ئاللاھنىڭ بۇ مىللەتكە ئاتا قىلغان نېمىتىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان، ۋەتەننىڭ قىممىتىنى بىلگەن ۋە ئۇنى جېنىدىنمۇ بەك سۆيگەن كىشىلەردۇر. بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك ۋەتەنپەرۋەر پەرزەنت يېتىشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ كىشىلەردەك بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، بىز مەۋجۇت ئۆلىمالىرىمىز بىلەن مەۋجۇت زىيالىيلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 201- ئايەت.

خەلقى ۋە ۋەتىنى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى زۆرۈر.

## پەرزەنتلىرىمىز

پەرزەنتلىمىز بىزنىڭ ئەڭ كاتتا بايلىقىمىز، زور كۈچىمىز ۋە كېلەچىكىمىزنى قۇرۇپ چىقىدىغان بىردىنبىر سەرمايىمىزدۇر. بىز ئاللاھنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ دەۋاسىغا ئۆزىنى ئاتايدىغان، پىداكار ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە موھتاج. بۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتىدۇر. شۇڭا، پەرزەنتلىرىمىزگە دىنىمىزنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلىنى، تارىخىمىزنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆگىتىش، ۋەتەننى سۆيدۈرۈش، ۋەتەن دەۋاسىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر. يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق چېچىلاڭغۇلۇق ۋە سەرسانلىقتىن كېيىن ئىلىم-پەنگە تايىنىپ كۈچلەنگەنلىكى ۋە ئاخىرى ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ غايىسىگە يەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم جەھەتتىن ئۈلگە بولالايدۇ. ھازىرمۇ دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئىلىم-پەندىن ئايرىغانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس.

ئەگەر بىز قەد كۆتۈرمەكچى بولساق، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ھۆر، ئازاد ياشىماقچى بولساق، چوقۇم دىنىمىزنى توغرا چۈشىنىش بىلەن بىللە ئىلىم پەنگە يۈزلىنىش قىلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى ھەم دىندا ھەم پەندە ئوقۇتۇپ، ئاللاھنى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇپ ياشايدىغان، ۋەتىنىگە، خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا موھتاج. ئەگەر بىز بۇنى قىلالمىساق ۋەتىنىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا قارا يۈز بولۇشتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يۇقىرىقىلارنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە مەيلى قايسى دۆلەتتە بولايلى پەرزەنتلىرىمىزنى ئاشۇ دۆلەتتىكى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرى تاللىغان ئىلىم ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشى ئۈچۈن، ۋاقتىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىمىزنى ئاتىشىمىز بىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر.



# ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ ئورنى

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئىسلام دىنى قەلب، ئەقىل ۋە ۋىجداندىلا يەرلىشىپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇھىم قانۇن، ئىش-ھەرىكەت ۋە ئەخلاق بەلگىلىملىرىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، بىزنىڭ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، تەقدىرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىشىمىز ئالدى بىلەن تىلىمىزدا، ئاندىن ئىشلىرىمىزدا، ئاندىن ھەرىكىتىمىز ۋە مۇئامىلىمىزدە كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام بارلىق ھۆكۈم-قائىدىلىرى بىلەن ھاياتلىق دىنى. ئۇنىڭ ئاساسى ئىمان، مەقسىتى ياخشى ئەخلاقتۇر.

بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى كەلىمە شاھادەتنى (بىر ئاللاھتىن ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن) دېگەن سۆزنى ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ. چۈنكى، كەلىمە شاھادەت ئىسلامنىڭ كىرىش دەرۋازىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. كەلىمە شاھادەتكە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئادەم مۇئمىندۇر. ئۇ تاھارەت ئالىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ھەج قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈك، ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە نومۇسىغا دەخلى-تەرۇز قىلمايدۇ، ئالدامچىلىق قىلمايدۇ، جازانە يېمەيدۇ،

قىمار ئوينىمايدۇ، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق ۋە پالچىلىق قىلمايدۇ، ئۆلچەم ۋە تارازىلاردا ھىلە ئىشلەتمەيدۇ، ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، ھالال بولمىغان نەرسىگە كۆز سالمايدۇ، مونوپول قىلمايدۇ، پارا ئالمايدۇ، يولسىزلىق قىلمايدۇ، ھېچكىمنى ئالدىمايدۇ، ھاراق ئىچمەيدۇ، مال-مۈلكى ۋە بايلىقىنى ھاۋايى-ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىسراپ قىلمايدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىدۇ ۋە ئاللاھ توسقان يامان ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ دۇنيادا ياخشى كىشىلەرگىمۇ ۋە ناچار كىشىلەرگىمۇ سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى، ئىنسانلارنىڭ ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىمان كەلتۈرمىگەنلىرىنى پەرقلەندۈرمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بېرىدىغان نېمەتلەرنى تىرىشىش ۋە ئىشلەش قانۇنىغا باغلىغان. دۇنيادا ئىشلىگەنلەر غەلىبە قىلىدۇ، خىزمىتىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئىشلىمىگەنلەر ھورۇنلۇقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. شۇڭا بىزدە «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەيدىغان ماقال بار.

ئاللاھ تائالا نېمەت، ساغلاملىق ۋە رىزىق خەزىنىسىنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى بولۇپ، ئۇلارنى بىزگە ئىشلەش شەرتى بىلەن بېرىدۇ. كىشىلەرنى نامراتلىقتىن ۋە ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان نەرسە پەقەت ئىشلەش ۋە تىرىشىشتۇر. يالغۇز ئىشلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ئىشنى ياخشى قىلىشنى بىلىش، سالاھىيەتلىك بولۇش ۋە قىلغان ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، پۇختا قىلىش لازىم. ئەگەر بىر ئادەم خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمىسە ۋە ئىشنى پۇختا قىلمىسا، ئۇنىڭدىن نەپ ئالالمايدۇ. ئۇ چاغدا «مېنىڭ تەلىيىم يوق، خۇدايىم مېنى تاشلىۋەتتى» دېسە، ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلار باللىرىغا بىلىم، ئەقىل-پاراسەت، ھۈنەر-سانائەت ئۆگىتىشى ۋە ئۇلارنى ئېتىقادى ساغلام ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيەلىشى كېرەك.

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامانلىقلار، ھەرتۈرلۈك زۇلۇملار ھۆكۈم سۈرەتتى. نامراتلار، كەمبەغەل، بىچارە كىشىلەر ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئاستىدا ئىڭرىماقتا ئىدى. كىشىلەر ھەرخىل ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ئىدى. ئۆلۈم ياشاشتىن ياخشىراق ئىدى. خەلق ئاچ-يالىڭاچ ۋە ئېچىنىشلىق ھالدا بولۇپ، بايلار ۋە پۇلدارلار تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز ئېزىلەتتى. ئىسلام كېلىپ، بۇنداق قاراڭغۇ دۇنيا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىسرا سۈرىسىنىڭ 81-ئايىتىدە: ﴿«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى ئادالەتسىز تۈزۈم) يوقالدى. چۈنكى باتىل ئەزەلدىن يوقىلىشقا مەھكۇمدۇر» دېگىن.﴾[1] دەپ بۇيرۇدى.

[1] سۈرە ئىسرا، 81- ئايەت.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسان پەقەتە ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات ياكى تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ﴾[1].

ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. چۈنكى، بەخت ـ سائادەت ئىشلەشتە، خورلۇق ھورۇنلۇقتىدۇر. ھورۇنلۇق يامانلىقلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ، ئائىلىلەرنى بەربات قىلىدۇ ۋە ھەر خىل ئەخلاقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلمان تىرىشچان، جاسارەتلىك، توختىماي ئالغا ئىلگىرلەيدىغان ئادەمدۇر. چۈنكى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ئىشلەشتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئىشلەڭلار» دېگەن. ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى بۇ بۇيرۇقلارنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ئارقىلىق بىزگە ئۆگەتكەن. بارلىق ئۆلىمالار ۋە سالىھ كىشىلەرمۇ ئىشلىگەن ۋە بۇ ھەقتە بىزگە ئۈلگە بولغان. شۇڭا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىشلەش، ئىشلىگەندىمۇ ياخشى ۋە توغرا ئىشلەشتۇر. ھەممە ئىش جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ياشاش ئۈچۈن ئىشلەش كېرەك. بىلىم تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆگىنىلىدۇ، بايلىق ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

ئاللاھ بىزگە قول ۋە پۇت بەردى. بىزگە كۆز، قۇلاق، ئەقىل ـ پاراسەت، تەپەككۇر ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىپ، ئىشلىشىمىز كېرەك.



كەسىپ قىلىش، ئىشلەپ پۇل تېپىش ۋە كىرىم قىلىش كىشىنىڭ ئۆز كۈچى ۋە ئىقتىدارىنى خىزمەتكە ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامدا كىشىنىڭ ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىشى ۋاجىپ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «كىشىنىڭ يېگەن ئەڭ ياخشى تامىقى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ يېگەن تائامىدۇر. داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ يەيتتى»[2]. يەنە كېلىپ، ئىشلەش ھالال يول بىلەن مالغا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. كەسىپ بايلىقنى ئاشۇرىدۇ. ھالال تۇرمۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بۇيۇملارنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش كېرەك. ئۆزى، بالىلىرى ۋە ئايالىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش، قەرزىنى تۆلەشكە ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىسادنى تېپىش ئۈچۈن ئىشلەش پەرزدۇر.

قۇرئان كەرىمدە «سەئيى» سۆزى ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆز لۇغەتتە: تېز مېڭىش، ئىشلەش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دېگەن مەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[1] سۈرە نەجم، 39 ـ 40 ـ 41 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەلبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

قۇرئان كەرىم ئىشلەش ۋە كۈچ چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ھەممە ئادەم قىلغان ئەمگىكى ئۈچۈن مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىنساننىڭ پەقەت ئىشلەش ئارقىلىقلا كائىناتتا ۋە جەمئىيەتتە ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بەلگىلىمە ئىنساننى شەخسىي ۋە ئائىلە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەشكىلا تەرغىب قىلىپ قالماستىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە پاراۋانلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆپ خىل ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

دۇنيادىكى ھېچقانداق دىن ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم ئىسلام دىنىغا ئوخشاش ئىشلەشكە تەرغىب قىلمايدۇ. دىنىمىزدا ئىشلەش پەرز ئىبادەتلەردىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ئىبادەتتۇر. «بەندىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ» دەپ ئىشلىمىگەن كىشى ئاچ قالىدۇ. «خۇدايىم ساقلايدۇ» دەپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلمىغان كىشى ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

ئىشلەش ئىنسانغا ھاياتلىق، رىزىق، خۇشاللىق، تەسەللى، شەرەپ ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھورۇنلۇق ھەمىشە ئاۋارىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىشلىمەيدىغان ئادەم ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئەگەر بىز ئىشىمىزنى پۇختا قىلساق، مەجبۇرىيىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلساق تىرىشساق، بارا ـ بارا ئۇ ئىشنىڭ ئۇستىسىغا ئايلىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن، ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئاشىدۇ ۋە دۇنيادا راھەت تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز. ئىنسان قايسى خىزمەتنى قىلسۇن، «ئۇنى تاشلىۋەتسەم نېمە بولىدۇ، بۇنداق ئىشتا پۇل تاپقىلى بولامدۇ، ئابرۇيغا ئېرىشەلەمدۇ ياكى بۇ خىزمەتتە راھەت ياشىيالامدۇ؟» دېمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، تىرىشچان ئادەم ھەم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغاچقا، قايسى ئىشنى قىلمىسۇن كۈنسىرى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىدۇ، ھەر دائىم ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. بەخت ـ سائادەتلىك ۋە خۇشال ياشايدۇ. ئەكسىچە، ئىشلىمەيدىغانلار بىرىنچىدىن ھېچقانداق مەقسەت ـ غايىسىگە يېتەلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، تەپەككۇرى ئاجىز، ئارزۇلىرى كەمچىل بولغانلىقى سىرتىدا، نادان بولۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدا خورلىنىدۇ. ھورۇنلۇق نۇرغۇن ناچار قىلمىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، شەيتان ھەمىشە بىكار ۋە سەرگەردان كىشىلەرنى يېتىپ، گۇناھ ۋە ناچار يوللارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ھەمىشە خورلۇقتا، جاپا ـ مۇشەققەتتە، ھەممەيلەندىن بىزار، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن بىزار ھالەتتە ياشايدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، بىسەمدارلىق،

ئىشلىمەي تۇرۇپ پۇل تېپىش ئەۋج ئالسا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر﴾[1].

يۇقىرىقى ئايەتتىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىمىزكى، مەيلى ماددىي بولسۇن ياكى مەنىۋى بولسۇن، پايدا ۋە زىيان ھەممىسە ئۆز ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسى. خۇشال بولۇشىمىز، قايغۇرۇشىمىز، يىقىلىشىمىز ۋە ئورنىمىزدىن تۇرۇشىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىمىز مەسئۇل. بىز بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشچىسى. بىز قايسى مەقسەتتە ئىشلىسەك، ئاللاھ ئۇنى بېرىدۇ.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ھەممە يەردە ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەرنى كۆرىمىز. ئاي، كۈن، يۇلتۇز قاتارلىق ساماۋى جىسىملار، يەر شارى ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق-جانسىز بارلىق جىسىملار توختاۋسىز ھەرىكەت ئىچىدىدۇر. چىقىۋاتقان شاماللار، ئېقىۋاتقان سۇلار، دولقۇنلۇق دېڭىزلار، تۇپراقتىكى ئۆسۈملۈكلەر توختاۋسىز ھەرىكەتنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھتۇر.



ئىنسان ھەرىكەت قىلماستىن، ئىشلىمەستىن ياشىيالمايدۇ. چۈنكى، بەدىنىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. مۇسۇلمان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تەڭپۇڭلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بولمىسا ئاشقۇنلۇق ۋە پاسسىپلىق ئىللىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. تەڭپۇڭسىز ئىش-ھەرىكەت بىلەن سىراتى مۇستەقىمدە تۈز ماڭغىلى بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئاكتىپ پائالىيەت ۋە ھەرىكەت دىنى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھورۇنلۇققا ئورۇن يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھورۇنلۇقنى ۋە بىكار يۈرۈشنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا، دۇئالىرىدا ئاللاھ تائالادىن ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھىم! ساڭا سىغىنىپ ئاجىزلىقتىن ۋە ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارلارنى قېرىنداش قىلغان ۋە ئۇلارنى

[1] سۈرە بەقەرە، 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان، ئەلبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

نامـاز ۋاقتىدىـن باشـقا ۋاقىتـلاردا تىجـارەت ۋە زىرائـەت بىلـەن شۇغۇللىنىشـقا بۇيرۇغـان. ھەزرىتـى ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ يەھۇدىلارنىـڭ قۇدۇقىدىـن سـۇ تارتىـپ ئىشـلەۋاتقانلىقىنى كـۆرۈپ كەمسـىتمەكچى بولغانلارغـا: «ئىشـلەپ تـەر تۆكـۈپ تۇرمۇشـنى قامـداش ئەيىـب ئەمـەس، كىشـىلەرگە قـول ئەگىلـەپ تىلـەش ئەيىبتـۇر» دېگـەن.

ئۆزىنـى ۋە بالاچاقىلىرىنـى كىشـىلەرگە موھتـاج قىلماسـلىق ۋە ئۇلارنىـڭ تۇرمـۇش ئېھتىياجىنـى ھالالدىـن پـۇل تېپىـپ قامـداش ئۈچـۈن ئىشـلەش دىنىمىـزدا ئاللاھ يولىـدا جىھـاد قىلىـش بىلـەن ئوخشـاش بولـۇپ، كـۆپ نەپلـە ئىبـادەت قىلىشـتىن ئەۋزەلـدۇر. بىـر كۈنـى ئەتىگەنـدە، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ساھابىلىرى بىلـەن ئولتۇراتتـى، سـاھابىلار بىـر يـاش يىگىتنىـڭ تېـز كېتىۋاتقانلىقىنـى كـۆرۈپ: بۇ ياش ۋاقتىنـى ئاللاھ يولىـدا ئۆتكۈزگـەن بولسـىچۇ؟ ـ دېـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: «ئۇنـداق دېمـەڭلار! ئەگـەر ئـۇ كىچىـك باللىرىنىـڭ ئېھتىياجىنـى قامـداش ئۈچـۈن چىققـان بولسـا، ئاللاھ يولىـدا بولـدۇ. ئەگـەر ياشـىنىپ قالغـان ئاتا ـ ئانىسـىنىڭ ئېھتىياجىنـى قامـداش ئۈچـۈن چىققـان بولسـا، ئاللاھ يولىـدا بولـدۇ. ئەگـەر ئۆزىنـى باشـقىلارغا موھتـاج قىلماسـلىق ئۈچـۈن چىققـان بولسـا، ئاللاھ يولىـدا بولـدۇ. ئەگـەر رىيـا قىلىـش ۋە پەخىرلىنىـش ئۈچـۈن چىققـان بولسـا، شـەيتاننىڭ يولىـدا بولـدۇ» دېـدى[1].

ھەزرىتـى ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ خۇتبىلىرىدىـن بىرىـدە مۇنـداق دېگـەن: «سـىلەرنىڭ بىرىـڭلار بىـر بۇلۇڭـدا ئولتـۇرۇپ ‹ئاللاھـىم! مـاڭا رىزىـق بەرگـىن› دەپ، ئـىش قىلمـاي كۈتـۈپ ئولتۇرمىسـۇن. ھەممىـڭلار ياخشـى بىلىسـىلەركى، ئاسـماندىن ئالتۇن ـ كۈمـۈش ياغمايـدۇ». يەنـى ھەربىـر مۇسـۇلمان ئىشـلەيدۇ، سـەۋەب قىلىـدۇ، ئاندىـن رىزقىنـى ئاللاھتىـن تىلەيـدۇ. ئاللاھ تائـالا كۈچلـۈك، ئىشـچان مۇئمىننـى ياخشـى كۆرىـدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «كۈچلـۈك مۇئمـىن ئاجىـز مۇئمىندىـن ياخشـى ۋە ئاللاھقـا سـۆيۈملۈكراقتۇر، ھەممىسـىدە ياخشـىلىق بـار. سـاڭا پايدىسـى بولىدىغـان ئىشـقا ھېرىسـمەن بولغىن. ئاللاھتىـن يـاردەم تىلىگـىن، ئاجىزلـىق قىلمىغىـن...»[2].

ئىنسـاننىڭ ئـۆز ئەمگىكىدىـن باشـقا تايىنىدىغـان نەرسـىسـى يـوق. ئىنسـاننىڭ قولىغـا ئەمگىكىنىـڭ ۋە تىرىشـچانلىقىنىڭ نەتىجىسـىدە ياخشـى ۋە قىممەتلىك نەرسـىلەر كېلىـدۇ. ئـىش خۇشـياقمايدىغان، ھـورۇن، تىرىكتـاپ كىشـىلەر باشـقىلارغا يـۈك

[1] تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان، راۋىلىرى ئىشەنچلىكتۇر.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولۇپ ياشايدۇ، هاياتىنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن هېچكىمگە مەنپەئەت كەلمەيدۇ. ئۇنداق ئادەمگە ئىش قىلدۇرغانلارمۇ بىزار بولىدۇ، ئۇنى قارغايدۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا بىر جامائەت كېلىپ: يا رەسۇلەللاھ! بىزدە بىر زات بار، كېچىنى دۇئا، زىكىرلەر بىلەن؛ كۈندۈزنى روزا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، — دېدى (ئۇ كىشى بىزدىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئۈلۈغ كىشى دېمەكچى بولدى). پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى كىم قامدايدۇ؟» دېدى. ئۇلار: بىز قامدايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇنداقتا سىلەر ئۇنىڭدىن ياخشىراقسىلەر» دېدى.

دىنىمىز بەخت ـ سائادەت دىنىدۇر. سائادىتىمىز ۋە شەرىپىمىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ هاياتىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ هەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىزغا باغلىق. پەيغەمبىرىمىز بىزنى ئىشلەشكە تەشۋىق قىلغان، ئىشلەپ، تەر تۆكۈپ تاپقان پۇلنىڭ ئەڭ پاك ۋە هالال مال ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئىشلەش ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكۈل مەخلۇقلىرى ئۈچۈن بېكىتكەن ئىلاهىي قانۇنىدۇر. بارلىق جانلىقلار ئىشلەيدۇ، هەتتا بىر چۈجە تۇخۇمدىن چىقىشى بىلەنلا دان ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە تەقدىر قىلغان رىزىقنى ئىشلەش ـ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق بېرىدۇ. ئۇ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾ ﴿ئاللاھ زېمىننى سىلەرگە بويسۇندۇرغان قىلىپ بەردى. ئەمدى سىلەر زېمىننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدە مېڭىپ (تىرىكچىلىك قىلىپ) ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار...﴾[1] ئېيسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانىسى بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئاچ قالغان ئىدى، بىر تەرەپتىن ئاچلىق يەنە بىر تەرەپتىن تۇغۇتنىڭ تولغىقى ئۇنى قىينايتتى، ئاللاھ تائالادىن: «ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، دەرەخنى ئېغىتقىن» دەپ بۇيرۇق كەلدى. ئۇ تۇرۇپ دەرەخنى ئېغىتتۇۋېدى، ئالدىغا پىشىپ تەييار بولغان خورمىلار چۈشتى، ئۇنى يەپ ئاچلىقنى پەسەيتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا بىر كىشى پۇل تىلەپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا «هېچنەرسەڭ يوقمۇ؟» دېدى. ئۇ: تاماق يەيدىغان بىر قاچا، يېرىمىنى ئاستىمىزغا سېلىپ، يېرىمىنى ئۈستىمىزگە يېپىپ ياتىدىغان بىر ئەدىيال بار، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇنى ماڭا ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ بېرىپ، قاچا بىلەن ئەدىيالنى

[1] سۈرە مۈلك، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قولىغا ئېلىپ: «بۇنى كىم سېتىۋالىدۇ؟» دېدى. ساھابىلاردىن بىرى: «مەن بىر تەڭگىگە ئالاي» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم زىيادە ئالىدۇ؟» دېدى. يەنە بىر ساھابە: «مەن ئىككى تەڭگىگە ئالاي» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى تەڭگىگە ساتتى. ئاندىن تىلەپ كەلگەن كىشىگە: «بۇ پۇلنى ئالغىن، بىر تەڭگىگە ئائىلەڭگە تاماق ئېلىپ بەرگىن، بىر تەڭگىگە بىر پالتا ئېلىپ يېنىمغا كەلگىن» دېدى. ئادەم بېرىپ ئائىلىسىگە تاماق ئېلىپ بېرىپ، پالتىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالتىنى ئۆز قولى بىلەن دەستىلەپ بېرىپ، «ئەمدى بېرىپ ئوتۇن كېسىپ ئەكىلىپ بازاردا ساتقىن، ئون بەش كۈندىن كېيىن كەلگىن» دېدى. ئادەم بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۈستىگە يېڭى كىيىم كىيگەن، ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قالغان ھالدا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مانا بۇ ئىش ساڭا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى چۈشۈرۈپ تىلەشتىن ياخشىدۇر» دېدى[1].

ھەقىقىي مۇئمىن ـ مۇسۇلمان قىلغان ئىشىنى، ھۈنەر سەنئىتىنى ئەڭ ياخشى، مۇكەممەل ۋە پۇختا قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىدۇ؛ بىلمىگەن ئىشنى «بىلىمەن» دەپ كىشىلەرنى ئالدىمايدۇ؛ قىلغان ئىشىنى قولىنىڭ ئۇچىدا چالا قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئىشنى مۇكەممەل، پۇختا قىلغان كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىشنى پۇختا قىلىشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[2].

ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل ھۈنەر ـ سانائەتكە ئېھتىياجى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىمىز ئوقۇش ۋە ھۈنەر ئۆگىنىشنى پەرز كۈپايە دېگەن. يەنى ئوقۇغان ۋە مەلۇم ھۈنەر ئۆگەنگەن كىشى ھەم دۇنيادا باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالمايدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى قامداپ، بېشى تىك يۈرىدۇ. ھەم دىنىمىزدا بۇيرۇلغان پەرز ئىبادەتنى ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك رەھبىرى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى بىرخىل ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان. مەسىلەن، ئادەم ئەلەيھىسسالام دېھقانچىلىق بىلەن، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تىكمىچىلىك بىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام ياغاچچىلىق بىلەن، داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆمۈرچىلىك بىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

[1] ئىمام تىرمىزىي: «ھەسەن ھەدىس» دېگەن.
[2] ئەلبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

بۇ دۇنيا ئىشلەيدىغان يەر، بۇ يەردە ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. ياشاش ئۈچۈن ئەمگەك لازىم. ئىلىم ئۆگىنىش، تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش، ۋەتەننى ئازات قىلىش ۋە دۇنيادا زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ھۆر-ئەركىن ياشاش ئۈچۈن ئەمگەك ۋە مېھنەت لازىم. چوڭ ئۇتۇقلار ئىشلەش، ئەجىر قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. دۇنيادا مەشھۇر بولغان كاتتا كىشىلەر ئىشلەش، مېھنەت قىلىش، ھارماي-تالماي تىرىشىش بىلەن مەشھۇر بولغان، تارىختا ئىسمى مەڭگۈ قالغان.

بىر زامانلاردا، بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بوۋاي ئۆلۈش ئالدىدا ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ: — باللىرىم! مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقتىم كەلدى، مەن ياش ۋاقتىمدا تاپقان تەرگىنىمگە ئالتۇن ئېلىپ، بىر كوزىغا سېلىپ باغنىڭ بىر يېرىگە كۆمگەن ئىدىم. لېكىن، ئۇنى قەيەرگە كۆمگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىم. مەندىن كېيىن سىلەر ئاشۇ ئالتۇننى تاپساڭلار، تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشى ئۆتكۈزەلەيسىلەر، — دەپتۇ.

ئوغۇللار دادىسىنى ئاخىرەتكە ئۇزاتقاندىن كېيىن، ئالتۇننى تېپىش ئۈچۈن باغنى باشتىن-ئاخىر كولاپ چىقىپتۇ، لېكىن ئالتۇننى تاپالماپتۇ. ئوغۇللاردىن بىرى:

— ئالتۇننى تاپالمىدۇق، يەرنى قېزىپ يۇمشىتىۋەتتۇق، ئەمدى بۇ تەييار يۇمشىغان يەرنى تېرىۋېتەيلى، تارتقان جاپايىمىز بىكار كەتمىسۇن، — دەپتۇ. باشقىلارمۇ بۇ گەپكە قوشۇلۇپ يەرنى تېرىپتۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بەرىكەت بېرىپ ئاشلىقلىرى شۇنداق مول بولۇپتۇكى، ئالغان ھوسۇللىرى بىلەن ئامبارلىرى توشۇپ كېتىپتۇ. ئاشلىقنى سېتىپ نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولۇپتۇ. بۇ چاغدا، قېرىنداشلار دادىسىنىڭ «ئالتۇننى تېپىپ خەجلەڭلار» دېگىنىنىڭ يەرنى ياخشى تېرىپ يەڭلار دېگىنى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، دېگەن مانا شۇ.

قەدىم زاماندا سېخىلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ھاتەم تائىيدىن بىر كىشى :

— دۇنيادا سىزدىنمۇ سېخىراق بىرىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھاتەم تائىي مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىر كۈنى قىرق تۆگە سويۇپ بارلىق يۇرت ئەھلىنى زىياپەتكە چاقىردىم. ئۆزۈم زىياپەتكە كەلمەي قالغان كىشى بارمۇ؟ دەپ ئەتراپنى كېزىپ يۈرۈپ،

شاخ-شۇمبا كۆتۈرۈپ ئاران كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭغا:

— ئى بوۋا! بۈگۈن ھاتەم تائىينىڭ پۈتۈن يۇرت ئەھلىنى چاقىرىپ تۆگىلەرنى سويۇپ، پولۇلارنى پىشۇرۇپ، تاتلىق- تۇرۇم، مېۋە-چېۋىلەر بىلەن كاتتا زىياپەت بەرگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ بارلىق خەلق ھاتەم تائىينىڭ دەستۇرخىنىغا توپلاندى، سىز نېمىشقا زىياپەتكە بارمىدىڭىز؟ — دېدىم. بوۋاي:

— ماڭغۇچىلىك ماغدۇرۇم بار ئىكەن، دۈمبەمدە شاخ توشۇپ، سېتىپ يېگەن نېنىم ھاتەم تائىينىڭ زىياپىتىدىن ئەۋزەل، — دېدى. ئاشۇ بوۋاينى مەندىن سېخىراق ۋە ئۈستۈن كۆردۈم.

كىشى ئىشلىسە كۆڭلى راھەتلىنىدۇ، ئۆيدە ھۇزۇر، بەرىكەت بولىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى قىيىنچىلىق تارتمايدۇ. جەمئىيەتتە يۈز-ئابرۇيى ئۈستۈن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشىدۇر» دېگەن مۇبارەك سۆزى بىلەن مۇشۇ ھەقىقەتنى كۆرسەتكەن. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ۋە قەرزلىرىنى ئۆتەش ئۈچۈن ئىشلەش نەپلە ئىبادەت قىلغاندىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەلدۇر. مەجبۇر بولۇپ قالمىغان كىشىنىڭ تىلىشى ھارام بولغاندەك، كىشىنى ھەقسىز ئىشقا سېلىشىمۇ ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا پۈتۈۋەتكەن رىزىق ئۆزگەرمەيدۇ. رىزقىنى ھالالدىن ئىزدىگەن كىشىگە رىزقى ھالال يولدىن كېلىدۇ، ھارامدىن ئىزدىگەن كىشىگە ھارام يولدىن كېلىدۇ. رىزقىنى ھارام يولدىن تاپقان كىشى ھەم چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ، ھەم تاپقىنىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەيدۇ. ھارام يولدىن تاپقانلىرى يەنە ھارام يوللارغا، گۇناھلارغا ۋە دۈشمەنلەرگە كېتىدۇ، ھامان بىر كۈن ۋەيران بولۇپ تۈگىشىدۇ، گۇناھى بويىنىغا قالىدۇ.

نەپس بىلەن شەرىئەت بىر-بىرىگە زىتتۇر. نەپسگە ئەگەشكەن كىشى يا ھارامدىن پۇل تاپىدۇ ياكى ئىشلىمەستىن باشقىلارغا يۈك بولۇپ ياشايدۇ. ھەر ئىككى ھالەتتە مال- دۇنياغا ئېرىشىدۇ، لېكىن ئاقىۋىتى پۇشايمانلىق، ھالى خاراپ بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ. شەرىئەتكە (ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا) ئەمەل قىلغان كىشى ھالالدىن ئىشلەپ مال-مۈلۈك ۋە مەنسەپ ئىگىسى بولىدۇ، ھارام ۋە مەكرۇھلاردىن قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەم دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئۆزى ۋە ئائىلىسى دۇنيادا بەخت-سائادەتلىك ھايات كەچۈرۈپ، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك جەننەتكە ئېرىشىدۇ.

شەخس ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئۈتۈق قازىنىشى، غەلىبە قىلىشى، تەرەققىي قىلىپ

ئىلگىرىلىشى ئىشلەشكە باغلىق. ئىشلەش پەقەت ماددىي غەلىبە قازىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سالامەتلىك ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئىشلىگەن كىشى ھەم ئۆزى، ھەم ئائىلىسى، ھەمدە جەمئىيىتى ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولىدۇ. ھەم مەنىۋى جەھەتتىن كۆڭلى راھەت، ھەم تەن سالامەتلىكى ياخشى ھەمدە جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئىشلەشنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلەش قىيىنچىلىق ئەمەس، بەلكى زوق ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتتۇر. «بىسمىللاھ» بىلەن باشلانغان ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن توغرا ئىش ئەينى ۋاقىتتا بىر ئىبادەت بولۇپ، ماددىي مەنپەئەتنىڭ سىرتىدا ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان كۈنلۈك ئىبادەتلەرنى ئۆز جايىدا ئادا قىلغان، قالغان ۋاقتىنى پايدىلىق بىرەر ئىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر. ناماز بامداتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ناشتىسىنى قىلىپ ئېتىزلىقىغا بارغان دېھقان، فابرىكىسىغا بارغان ئىشچى، دۇكىنىغا بارغان سودىگەر، ئىدارىسىغا بارغان كادىر ئىشىنى بىسمىللاھ بىلەن باشلىسا، رىزقىنى ئاللاھ تائالادىن تىلەپ، ھارماي-تالماي ئىشلىسە، ۋەزىپىسىنى ئىنسرامچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلسا، بىلسۇنكى، ئۇنىڭ ھەربىر سائىتى، ھەربىر مىنۇتى ۋە سېكۇنتى ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن بولىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىششى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل قائىدىلەرنى بېكىتكەن. بۇ قائىدىلەرگە ياخشى ئەمەل قىلىنغان ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلار جامائىتى خاتىرجەم، كۈچلۈك، دۇنيادا گېپى ئۆتىدىغان بولۇپ ياشىغان ئىدى. بۈگۈن ئىسلام دۇنياسى پېقىر-مىسكىن، ئاجىز بولغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەبچىسى ئىسلام ئەمەس، بەلكى گۇناھ ئىسلامنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان، نەپسىگە بېرىلىپ كەتكەنلەردە.

بىز مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ ۋە مۇنتىزىم ئىشلەشكە مەجبۇرمىز. «ئاز گەپ قىلىپ كۆپ ئىشلەڭ» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ دۇنيادا پەقەت ئىشلىگەنلەر قازىنىدۇ، ھورۇنلۇق قىلغانلار خورلىنىدۇ. دىنىمىز ھەربىر مۇسۇلمانغا بىرەر ھۈنەر-كەسىپ ئىگىسى بولۇشنى ۋە ئىشىدا ناھايىتى ئۇستا بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىشلەش ۋە تىرىشىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قابىلىيىتى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى قىلالايدىغان ئىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىراۋنىڭ قىلالمىغىنىنى يەنە بىرى قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر كىشىنىڭ ۋەزىپىسى قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى ئەڭ ياخشى ۋە پۇختا قىلىشتۇر. قىلالمايدىغان ئىشنى قىلمەن دەپ، چالا قىلىش ئەيىب بولغاندەك، قىلالايدىغان ئىشنى قىلماسلىق ياكى قېتىرقىنىپ پۇختا قىلماسلىق

مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىغا ياتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتىلىرىمىز «ئىش كىشىنىڭ ئەينىكىدۇر» دەپ، كىشىنىڭ قانداقلىقىنى ئىشى ئارقىلىق بىلىش كېرەكلىكىنى بايان قىلغان ئىكەن.

پىچاق ئوغرىلانغان قويىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، گۇناھ ئالەتى بولغان ئىكەن، قۇربانلىق قويىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، ئىبادەت ئالەتى بولىدۇ. قىلىنغان ئىش ۋە سايمان ئوخشاش تۇرۇقلۇق بىرى گۇناھ بىرى ساۋاب بولۇشى، ئىشنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتى ۋە سايماننى قوللانغان ئىشنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا باغلىقتۇر.

پۇل-مالمۇ بىر ۋاستىدۇر. قايسى ئىشقا ئىشلىتىلسە، شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم ئالىدۇ. تويى قىلالماي قالغان بىرىگە ياردەم بەرگەن پۇل ئىبادەت بولغان ئىكەن، زىنا قىلىش ئۈچۈن پۇل تاپالمىغان بىرىگە ياردەم بەرگەن پۇل گۇناھنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان پۇل-مالنى قايسى يول بىلەن تېپىش ۋە قايسى يوللارغا خەجلەشكە دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىدا پۇلنى قەيەردىن تېپىپ قەيەرگە خەجلىگەنلىكى ھەققىدە ھېساب بېرىدىغان گەپ. دۇنيا — ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇ يېرىدۇر. دۇنيادا نېمە تېرىسا، شۇنى ئورىغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

خۇلاسىلىسەك، ئىسلام دىنىمىز بۇيرۇغان ئىشلەش قانداقلا ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىشلەش، نىمىلا قىلىپ بولمىسۇن پۇل تېپىش ئەمەس. بەلكى، ئىشنىڭ توغرا ۋە ئىسلام شەرىئىتى رۇخسەت قىلغان دائىرىدە بولۇشى، ئىشلەش جەريانىدا ئىسلام بۇيرۇغان گۈزەل ئەخلاق، چىرايلىق مۇئامىلىگە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئەمەل قىلىش ۋە ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پۇختا ۋە مۇكەممەل قىلىش، كىشىنىڭ ھەققىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش، تاپقان پۇلنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىغا بېخىللىق قىلماستىن، ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ چاچماستىن خەجلەش، ئاشقىنىنى ئاللاھ يولىدا ۋەتەن-مىللەتنىڭ خىزمىتىگە سەرپ قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ، ئۇ يولدا مېڭىشنى؛ باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن يېنىشنى نېسىپ قىلسۇن. ئامىن!




ھەر ئىنسان يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقتىدىن باشلاپلا بىر قاتار ھەقلەرگە ساھىب ھالدا دۇنياغا كېلىدىغان بولۇپ، مەزكۇر ھەقلەرگە باشقا ھەرقانداق بىرىنىڭ چېقىلىش ھەققى بولمايدۇ. جۈملىدىن، ئېتىقاد ئەركىنلىكىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي ھەم تۇنجى ھەق - ھوقۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇ ھوقۇقى تارتىۋېلىنسا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنسانىيلىقى تارتىۋېلىنغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان بۇ دۇنيادا ماددىي ياكى مەنىۋى مەلۇم نەرسىگە ئېتىقاد قىلىپ ۋە شۇ ئېتىقادقا باغلىنىپ، بارلىقىنى ئاتاپ، شۇ ئەقىدىسى ئۈچۈن تەر تۆكۈپ كۈرەش قىلىپ، گېزى كەلگەندە جېنى ۋە قېنى بىلەن بەدەل تۆلەپ ياشايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسانلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان ياكى ئېتىقاد قىلغان نەرسىگە باشقىلارنىمۇ چاقىرىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ھەرخىل قاتتىق ۋە مەجبۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزى ئېتىقاد قىلغان نەرسىگە ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. مەسىلەن، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى بارلىق دىنلار ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى ھەمدە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ بولغان ۋە بۇ نۇقتىدىن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىن دەپ قارىلىدىغان خىرىستىيانلىققا قارايدىغان بولساق، قەدىمكى رىم دۆلەتلىرى كونىستانتىنپول ئىمپېراتورى خىرىستىيان بولغانلىقى ئۈچۈنلا پۈتۈن پۇقرالىرىنى

خرىستىيان دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلاپ، قىزىتىلغان تۆمۈرلەرنى يېقىش، ئوتتا كۆيدۈرۈش دېگەندەك تۈرلۈك ۋەھشىيانە ئۇسۇللارنى قوللىناتتى. خرىستىيان دىنىدا چوڭ جەھەتتىن كاتولىك، ئورتودكىس ۋە پروتېستان قاتارلىق بىرقانچە مەزھەپ بار بولۇپ، ئادەتتە ھۆكۈمران سىنىپ پەقەت خرىستىيان دىنىغا كىرمىگەنلەرنى خرىستىيانلىققا مەجبۇرلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، دۆلەت مەركىزى مەزھەپلەردىن قايسىسىغا تەۋە بولسا، خرىستىيان پۇقرالىرىنىمۇ شۇ مەزھەپكە كىرىشكە مەجبۇرلارىش ئۈچۈنمۇ پۇقرىلىرىدەك قىيىن - قىستاق ۋاسىتىلىرىنى قوللىناتتى. ئىسلام دىنى مەيدانىغا كېلىپ، ئىنسانلارنىڭ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى»دىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى[1]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىسلامدا ئىنسانلار پەقەت ئېتىقاد ئەركىنلىكىگىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى ھەق - ھوقۇقلارغا ۋە ھەر خىل ئەركىنلىكلەرگە ئىگە بولدى. ئىلگىرى كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ھەق - ھوقۇقلىرى قايتۇرۇپ ئېلىندى، ئاياغ ئاستى قىلىنغان ھەقلىرى ھىمايە قىلىندى. قىسقىسى، ئىسلام ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئالەمشۇمۇل ئاسايىشلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. تۈنجى دەۋردىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە سوزۇلغان ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇسۇلمانلار شۇنچىۋالا قۇدرەت تاپقان زامانلاردىمۇ فەتھى قىلغان جايلاردىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا، دىنىي مۇراسىم ۋە ئىبادەتلىرىگە ئارىلىشىۋالمىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمما، بۇ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» مەسىلىسى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلمەي كەلدى. بولۇپمۇ، بۈگۈنكى كۈندە غەرب تەرەپتە «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى» دېگەندەك چوقانلار كۆتۈرۈلۈپ، ئەركىن دۇنيادىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق بىر تالاي ئاتالمىش «ئەركىنلىك» پىكىرلىرىنىڭ يامرىشىغا ئەگىشىپ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» مەسىلىسى بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ئەڭ كۆپ دەتالاش قىلىنىدىغان تېمىلاردىن بىرىگە ئايلاندى. ئەمما، بۇ ئۇقۇم كۆپىنچە توغرا چۈشىنىلمەي، جايىغا ئىشلىتىلمىدى، نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا سۇيىئىستېمال قىلىندى. شۇنداقلا، مۇشۇ تېمىكى بۇزۇق پىكىرلەر ئاستا - ئاستا مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بولمىش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئېڭىغىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا «دىن، ئېتىقاد ئەركىنلىكى» دېگەندەك ئۇقۇملاردا خاتا چۈشەنچىلەر پەيدا قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۆزلىرىنى «مەن مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ ئەۋلادىمەن» دەيدىغان بىر قىسىم مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ئاتا - ئانىلىرى ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئىسلامىي ئۆلچەمگە

[1] سەييىد قۇتۇب: «فىي زىلالىل قۇرئان»، دارۇششۇرۇق نەشرىياتى، بېيرۇت، 1972 - يىلى نەشرى، 1 - جىلد، 291 - بەت.

ئۇيغۇن كىيىش، مۇسۇلمانچە ياشاش دېگەندەك تېمىلار ھەققىدە سۆز ئاچسىلا، ئاتالمىش «ئەركىنلىك» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ تونۇپ پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئۆزىنى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى زات ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ، شۇنچىلىك ئادەم بولۇشىنىڭ سەۋەبكارى، بۇ دۇنيادا ئەڭ ھۆرمەت قىلىنىشقا تېگىشلىك قەدىردان ئىنسانلار بولغان ئاتا - ئانىسىنىڭ يوللۇق تەربىيەلىرىگىمۇ قارشى چىقىدىغان، ئۇلارنى نارازى قىلىدىغان ۋە قاقشىتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

جۈملىدىن، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى بولۇپمۇ چەتئەللەردىكى مۇھاجىرەت ھاياتىدا «نېمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ» دەيدىغان، چەكلىمىسىز ئەركىنلىكنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىدىغان لىبېرالىزم ئىدىئولوگىيەسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، خۇددى «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ۋەتەندە دېكتاتور تۈزۈم ئاستىدا ياشاپ، ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىيالمىغان بىر قىسىم ياشلىرىمىز غەربنىڭ ئاتالمىش «ئەركىنلىك» پاتقىقىغا ھەدەپ ئۆزىنى ئېتىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ياش - ئۆسمۈرلىرىمىز ئىچىدە بەزى بالىلارنى ئاتا - ئانىلىرى ناماز ئۆتەشكە ياكى قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇسا: «دىنىدا زورلاش يوق دەپ تۇرسا، ئادەمنى ناماز ئوقۇ، قۇرئان ئوقۇغىن دەيدىكەن» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغان بولساق؛ يەنە 18 ياش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بەزى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ناماز ۋە ياكى باشقا بىرەر ئىبادەتكە بۇيرۇسا: «مەن دېگەن 18 ياشقا كىرىپ بولدۇم، سىز ئەمدى مېنى ئۇنى قىل، بۇنى قىل دېيەلمەيسىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىلىپ قىلىمەن. باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشىگە ئېھتىياجىم يوق» دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدۇق. ھەتتا، يەنە بەزى 18 ياشقا توشمىغان بالىلارنىڭ: «18 ياشقا توشساق، ئاتا - ئانىمىز بىزنى ناماز ياكى قۇرئان ئوقۇشقا زورلىيالمايدۇ» دەپ تېزراق 18 ياشقا كىرىشنى تەشنا كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بالىلارنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم.

شۇ ۋەجىدىن، بۇ ماقالە يۇقىرىقىدەك ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى جار سېلىپ، قۇرئان كەرىمدىكى ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئۆزى «مۇسۇلمان» تونۇپ مۇسۇلمانچە ياشىمايدىغان، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمايدىغان، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلمايدىغان، باشقىلار ياكى ئاتا - ئانىسى دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە مۇسۇلمانچە ياشاشقا بۇيرۇسا، «دىنىدا زورلاش يوق» دەپلا مەزكۇر ئايەتنى ئۆزلىرىنىڭ خاتا چۈشەنچىسى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلارنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 256 - ئايەت.

بۇ ھەقتىكى خاتا چۈشەنچىسىنى توغرىلىۋېلىشىغا تۈرتكە بولۇش ۋە بۇ ھەقتىكى مۇجمەللىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلدى. شۇڭا، بۇ ماقالىدە «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» جارچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاتا چۈشەنچىلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ تايىنىدىغان ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەتنى ۋە شۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا، «ئېتىقاد ئەركىنلىكى دېگەن نېمە؟ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى دىنىي ئىبادەتلەرگە بۇيرۇغانلىقى ئۇلارنى دىنغا زورلىغانلىق ياكى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولامدۇ؟ بالىلار 18 ياشقا توشسىلا، ئاتا ـ ئانىسىدىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل، چەكلىمىسىز ئەركىنلىككە ئىگە ئادەم بولۇپ كېتەمدۇ؟ بۇ ھەقتە بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى نېمە؟» دېگەندەك سوئاللارغا بىر قاتار جاۋاب بېرىپ ئۆتۈلدۇ[1].

## ئەركىنلىك ئۇقۇمى

ئەركىنلىك ــ ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەركىن» دېگەن سۈپەتنىڭ ئىسىم شەكلى بولۇپ، «ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق، ھەرقانداق چەكلىمىدىن خالىيلىق، ئازادىلىك، بىمالاللىق، ئارامخۇدالىق، دەخلىسىزلىك» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئەركىن تۇرمۇش، ئەركىن رىقابەت، ئەركىن تەپەككۇر، ئەركىن سودا...» دېگەنگە ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قاتار سۆزلەر يۇقىرىقىدەك مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ[2]. بۇنىڭغا قارىغاندا، «كىشىلىك ئەركىنلىك» دېگىنىمىز «ھەرقانداق شەخسنىڭ ئۆزى خالىغان ئىشنى، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان شەكىلدە، بىمالال، دەخلى ـ تەرۇزسىز قىلىشى»نى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى تەشكىل قىلىدىغان «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» ئۇقۇممۇ تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «بىراۋنىڭ خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىق

[1] بۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى بولغان «ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئۇقۇمى»غا مۇناسىۋەتلىك نەقىل قىلىنغان بىر قىسىم ئايەت ۋە ھەدىسلەر بولۇپمۇ «دىنغا زورلاش يوق» دېگەن مەنىدىكى سۈرە بەقەرەنىڭ 256 ـ ئايىتى ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىچىدە «بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنىڭ جىھاد ئايىتى بىلەن مەنسۇخ قىلىنغانلىقى، مۇسۇلمانلار فەتھى قىلغان جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلمەستىن، جىزيە تۆلىگەندىن كېيىن ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىلگەنلىكى، بولمىسا ئۇرۇش ئېچىلغانلىقى، شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى...» دېگەندەك بىر قىسىم تەپسىلاتلار بار بولۇپ، بۇ ماقالىدە مەزكۇر تەپسىلاتلار ھەققىدە توختالمىدۇق. چۈنكى، بۇ ماقالە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «دىنغا زورلاشقا بولمايدىغانلىقى»غا ئائىت مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى بىلىپ ـ بىلمەي خاتا چۈشىنىۋېلىشى ۋە بەزىلەرنىڭ غەرەزلىك ھالدا سۇيىئىستېمال قىلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە پەقەت مۇشۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنىڭ نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكىنى ھەمدە مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» مەسىلىسىگە قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، بۇ ئايەتلەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئەركىنلىك دائىرىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشلا مەقسەت قىلىندى. شۇڭا، بۇ ھەقتە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتلارنى بىلمەكچى بولغانلار مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلغاي.

[2] ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ جىلد، 254ــ255 ـ بەتلەر.

ئەركىنلىكى بارلىقى»نى كۆرسىتىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما، ئەركىنلىك ئۇقۇمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەمەلىي رېئاللىقتىكى ھالىتىگە قارايدىغان بولساق، بۇ دۇنيادا «مۇتلەق ئەركىنلىك» دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. مەيلى ئىنسانىيلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى دىنىي نۇقتىدىن بولسۇن بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئەركىنلىكنىڭ مەلۇم چەك - چېگراسى بولىدۇ. بۇ چەك - چېگرا ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان دائىرىدىن ھالقىپ، باشقىلارنىڭ تەئەللۇقاتىغا ئۆتمەكچى ياكى دەخلى - تەرۇز قىلماقچى بولغان يەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن، ئىنسانلار مەلۇم تۇرالغۇ - جايلارغا، مال - مۈلۈك ۋە بايلىقلارغا، تۈرلۈك لاۋازىمەتلىكلەرگە ساھىب ھەمدە ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان مەزكۇر نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتە بەلگىلىك دەرىجىدە ئەركىنلىككە ئىگە. «بەلگىلىك دەرىجىدە» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي نەرسىلىرىدىمۇ ھېچقاچان مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بىر ئىنساننىڭ ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغان ماشىنىسى بار دەيلى. ئۇ ئاشۇ ماشىنىسىنى ھەيدەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شوپۇرلۇق پىراۋىسى ئېلىپ «شوپۇرلۇق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاندىن ماشىنىسىنى قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ھەيدەش بەلگىلەنگەن يول ۋە لىنىيە ئىچىدە، باشقىلارغا ئۇستۈرمەي، قىزىل چىراغلارنى بېسىپ ئۆتمەي، بەلگىلەنگەن سۈرئەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەي، تەتۈر يۆنىلىشتە ياكى سول يۆنىلىشتە ماڭماي، قاتناش قائىدىسىگە ئاتلىق رىئايە قىلغان ھالدا ھەيدەش ئەركىنلىكىگە ئىگە. دېمەك، ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ چەك - چېگراسى يۇقىرىقى دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. ماشىنا گەرچە ئۆزىنىڭ بولسىمۇ، باشقىلارغا ئۇستۈرۈش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، قىزىل چىراغلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، بەلگىلەنگەن سۈرئەتتىن ئاشۇرۇۋېتىش، تەتۈر يۆنىلىشتە ياكى سول يۆنىلىشتە ھەيدەش ئەركىنلىكى بولمايدۇ ۋەھاكازالار... بۇلار ھەممەيلەن بىلىدىغان ئەقەللىي ساۋاتلاردۇر. بۇ دۇنيانىڭ پۈتۈن ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق بىر قاتار قائىدە - تۈزۈم ۋە بەلگىلەنگەن سىستېما ئىچىدە يۈرۈشىدىغان بولۇپ، ئىنسانلار ئەنە شۇ دائىرە ئىچىدە، بەلگىلىك دەرىجىدە ئەركىنلىككە ئىگە. يەنى بۇ دۇنيادا ھېچقانداق چەكلىمىسىز، مۇتلەق ئەركىنلىك دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ناۋادا مۇتلەق ئەركىنلىك بولۇپ، ھەركىم ئۆزى خالىغان ئىشنىڭ ھەممىنى قىلالايدىغان ئىش بولسا ئىدى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە ھەر خىل «ئەركىنلىك» شوئارلىرى ئەڭ كۆپ جار سېلىنىۋاتقان ئاتالمىش دېموكراتىك دۆلەتلەردە بولسىمۇ ھەر تۈرلۈك قانۇن - نىزاملار تۈزۈلمەيتتى، سوتلار ئېچىلمايتتى، تۈرمىلەر سېلىنمايتتى، ئىنسانلار تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ جازالانمايتتى. ھالبۇكى، ھەرقانچە دېموكراتىك دۆلەتتىمۇ قانۇن - تۈزۈم بار، تۈرمىلەر

بار. مەزكۇر قانۇن ـ تۈزۈملەرگە ئاساسەن مەلۇم ئىشلار «جىنايەت» دەپ بېكىتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر ئىشلارغا قارىتا بەلگىلەنگەن جازالار بار. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركىنلىكنى بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلەش، كونترول قىلىش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان ئىشلاردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىش شۇكى، مەزكۇر قانۇن ـ نىزاملارنى يولغا قويغانلار، سوتلارنى ئېچىۋاتقانلار، تۈرمىلەرنى سېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە تاشلاپ جازالاۋاتقانلار ئەنە شۇ «ئەركىنلىك»نى جار سېلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. دېمەككى، بۇ دۇنيادا مۇتلەق ئەركىنلىك دەيدىغان نەرسە يوق، ھەر ئىشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە چەك ـ چېگراسى بار.

شۇنىڭدەك، بۇ كائىناتنىڭمۇ ئىگىسى بار. ئۇ بولسا پۈتكۈل كائىناتنى، جۈملىدىن، بىز ئىنسانلارنى يوقتىن ئاپىرىدە قىلغۇچى، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كائىناتنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ئىگىسى بولغان ئىكەن، كائىناتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى، كائىناتقا ۋە كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدىغان زاتتۇر. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا بۇ كائىناتنىڭ ئىنتىزامى ئۈچۈن، بۇ ئارقىلىق كائىناتتىكى پۈتۈن مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئاسايىشلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەلۇم تەبئىي قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن. ئىنسانلار ۋە باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئەنە شۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنۇپ ياشاشقا مەجبۇردۇر. ناۋادا ئۇلار مەزكۇر قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنمىغاندا، كائىناتنىڭ ئىنتىزامى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرايدۇ ـ دە، ھايات نۇرغۇن خىيىم ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا دۇچ كېلىدۇ. ھەتتا مەزكۇر قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنمىغانلار شۇ ھامان يەر يۈزىدىن يوقىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، سۇنىڭ ئاققۇزىدىغانلىقى ئاللاھ تائالا سۇغا بېكىتىۋەتكەن تەبئىي بىر قانۇنىيەت. سۇ ئۈزۈشنى بىلمەي تۇرۇپ چوڭقۇر دېڭىز ياكى دەرياغا سەكرەپ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلار سۇدا بوغۇلۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئوتنىڭ كۆيدۈرىدىغانلىقىمۇ ئاللاھ تائالا ئوتقا بېكىتىۋەتكەن تەبئىي بىر قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغانلار كۆيۈپ ئۆلىدۇ. پىچاق دېگەندەك تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ كېسىدىغانلىقىمۇ تەبئىي بىر قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا تىغلىق ئەسۋابلارنى بويىنىغا سۈرگەنلەر ياكى بەدىنىدىن ئەجەللىك جايلارغا تىققانلار ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ ۋەھاكازا...

شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا دەل ئاشۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ دەخلى

ـ تەرۇزغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن؛ ئىنسانلارغا بۇ دۇنيانىڭ ئىمكانىيەتلىرىدىن توغرا يوسۇندا پايدىلىنىپ، قانداق ياشاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ھەر دەۋردە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلغان. مەزكۇر كىتابلاردا ياشاش قانۇنىيەتلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى تەلىم بەرگەن ۋە كىتابلاردا كۆرسىتىلگەن قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنغان ھالدا ھەرىكەت قىلىش شەرتى بىلەن بەلگىلىك دەرىجىدە ئەركىنلىك ھوقۇقى بېرىلگەن. بۇ خۇددى يۇقىرىقى مىسالدىكى «شوپۇر»نىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. شوپۇر ماشىنىنىڭ ئىگىسى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى خەتەرگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ماشىنىسىنى قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ھەيدەشكە مەجبۇردۇر. شۇنداقلا، ھەممىمىز مەلۇم نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشتا ئەنە شۇ ماشىنىغا ئىگە بولغان شوپۇرغا ئوخشايمىز. شوپۇر ماشىنىغا ئىگە بولغانغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالا بىزنىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە قىلغان ۋە ئۇ نەرسىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن مەلۇم قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن ۋە شۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەردىن ھالقىپ كەتمىگەن شەرت بىلەن بىزگە پۈتۈن تەئەللۇقاتلىرىمىزدىن خالىغانچە پايدىلىنىش ئەركىنلىكى بەرگەن. دېمەك، بۇ دۇنيادىكى «ئەركىنلىك ئۇقۇمى»نى قىسقىچە مۇشۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئۇقۇمى

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەر ئىنسان بىر قاتار ھەق ـ ھوقۇقلارغا ئىگە ھالدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان بولۇپ، ئېتىقاد ئەركىنلىكىمۇ ئەنە شۇ ھەق ـ ھوقۇقلاردىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ساماۋى دىنلارنىڭ ھېچبىرى ئىنسانلارغا ئېتىقادنى مەجبۇرىي تاڭىدىغان ئەمەس. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا ياشاش ئەركىنلىكىدىن تارتىپ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگىچە، پىكىر ئەركىنلىكىدىن تارتىپ مۈلك ئەركىنلىكىگىچە مۇكەممەل ئەركىنلىك بەرگەن بىر دىندۇر. ئىسلامنىڭ ئاساسىي دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدە ئىنساننىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى بارلىقى ھەققىدە نۇرغۇن دەلىللەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتىكى ئەڭ گەۋدىلىك مىساللاردىن بىرى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿دىنغا زورلاش يوق...﴾[1] دېگەن سۆزىدۇر.

﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى بىلمەيدىغانلار بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن ئاز بولسا كېرەك. چۈنكى، بۈگۈنكىدەك تەرەپ ـ تەرەپتە ھەر خىل «ئەركىنلىك» شوئارلىرى ياڭراۋاتقان بىر دەۋردە بۇ ئايەتنى بەزىلەر

[1] سۈرە بەقەرە، 256 ـ ئايەت.

ئۆزلىرىنىڭ ئىمانسىزلىق، دىنسىزلىق خاھىشىغا سۈيىئىستېمال قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۆگىنىۋالىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەتتا بىر مۇسۇلمان بىراۋغا دىنىنىڭ، ئىسلامنىڭ گېپىنى قىلسىلا مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇپ، دىنغا ئائىت ھەرقانداق گەپنى باستۇرۇش ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. يەنە بەزى مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ بۇگۈنكى ياشلار ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ ئەۋلادى» دەپ تۇرۇپ مۇشۇ ئايەتنى دىنىي ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرمەسلىك ئىختىيارى بارلىقىغىمۇ دەستەك قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ھالبۇكى، بۇ ئايەت ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان كىشىلەرنى ياكى بالىلارنى دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشاشقا چاقىرىشقا ياكى زورلاشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئەمەس، ئەكسىچە تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ياكى مۇسۇلمان بولۇشنى خالىمايدىغانلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلاشقا بولمايدىغانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئايەتنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا يەرگە، توغرا يوسۇندا ئىشلىتىشنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ئالدى بىلەن بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە خىلمۇخىل رىۋايەتلەر بار بولۇپ، مەزكۇر رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ھېچكىمنى ئىسلامغا ياكى قانداقتۇر بىر دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدىغانلىقنى چۆرىدەيدۇ. جۈملىدىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ئايەتنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن بەزى بالىلىرى يەھۇدىي ياكى خرىستىيان دىنىغا كىرگەن بىر قىسىم ساھابىلەر ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى، ئىسلام كەلگەن چاغدا مەزكۇر ساھابىلەر پەرزەنتلىرىنى ئىسلامغا زورلىماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئايەتكە بىنائەن ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلاشتىن چەكلەنگەنلىكىنى ئېيتقان[1]. چۈنكى، بىراۋنىڭ چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ، قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئېيتقان ئىمانى ھەقىقىي ئىمان بولىدۇ. ئىسلام تەلەپ قىلغان ئىمانمۇ شۇنداق ئىماندۇر. ئەگەر بىر ئادەم قانداقتۇر مەجبۇرلاش ئاستىدا، مېلىغا ياكى جېنىغا زىيان يېتىشتىن قورقۇپ ۋە ياكى قانداقتۇر بىر خەۋپسىرەش تۈپەيلى ئىمان ئېيتقان بولسا، بۇنداق ئادەمنىڭ ئىمانى ئىسلامدا تەلەپكە لايىق ئىمان بولمايدۇكى، ئىسلام ئىنسانلارنىڭ بۇنداق ئىمان ئېيتىشىنى نىشان قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئەينى چاغدا بەنى ئەسەد جەمەتىدىن بىر بۆلەك ئەئرابىيلار «بىز ئىمان

[1] ئىمام تەبەرىي: «تەپسىر تەبەرىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھمۇد مۇھەممەد شاكىر ۋە ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر، مەكتەبەتۇ ئىبنى تەيمىيە، قاھىرە، 5 ـ جىلد، 407ـــ416 ـ بەتلەر.

ئېيتتۇق» دەپ كەلگەندە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئەئرابىيلار: ئىمان ئېيتتۇق، دېيىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەر (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار. لېكىن، بويسۇندۇق دەڭلار. ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر. شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئاغزىدا «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ كەلگەن ئەئرابىيلارنىڭ تېخىچە ھەقىقىي ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى، بەلكى ئەسىر ئېلىنىشتىن ۋە ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قېتىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ[2]، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ھەقىقىي ئىمان قاتارىدىن سانىمىغان. ئايەتنىڭ داۋامىدا «ھەقىقىي ئىمان»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئىماندا قەتئىي شەك قىلمىغان، گېزى كەلگەندە مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلالايدىغان دەرىجىدە سەمىمىي ۋە چىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭلا ئىمان دەۋاسىدا راستچىل كىشىلەر ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ئادەتتە، ئىسلامدا ئىمانلا ئەمەس، مەجبۇرىي ھالەتتە قىلىنغان باشقا نۇرغۇن ئەمەللەرمۇ جائىز بولمايدۇ[3]. بولۇپمۇ ئىسلام تەلەپ قىلغان ئىمان تىلدا ئىقرار قىلىش بىلەن بىرگە قەلبتە تەستىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ[4]. مەجبۇرىي ئېيتىلغان ئىماندا تىلدا ئىقرار قىلىش مەۋجۇت بولسىمۇ، قەلبىدە قانائەت ھاسىل قىلىپ، سەمىمىي ئىمان ئېيتتى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەتتىمۇ بىرەر ئىشقا مەجبۇرلانغان كىشى كۆرۈنۈشتە بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ، چىن قەلبىدىن سەمىمىيلىك بىلەن قىلمايدۇ، ئەكسىچە نارازىلىق بىلەن قىلىدۇ. ئاللاھ كىمنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ، قەلبىنى ئېچىۋەتسە، دەلىل - پاكىتلىق ھالدا ئىسلامغا كىرىدۇ. ئەمما، ئاللاھ تائالا قەلبىنى

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 14—15 - ئايەتلەر.
[2] ئىمام تەبەرىي: «تەپسىر تەبەرىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن تۈركىي، ھىجر نەشرىياتى، قاھىرە، 2001 - يىلى نەشرى، 21 - جىلد، 391 - بەت.
[3] ئىمام كاسانىي: «بەدائىئۇس سەنائىئ فى تەرتىيبىش شەرائىئ»، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، 1986 - يىلى نەشرى، 4 - جىلد، 136 - بەت ۋە 5 - جىلد، 176 - بەت؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا» (ئىمام سەھنۇننىڭ ئىمام ئىبنى قاسىمدىن رىۋايىتى)، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، 1994 - يىلى نەشرى، 2 - جىلد، 394 - ۋە 436 - بەتلەر.
[4] ئىمام ئەزەم، ئەبۇ ھەنىفە نۇئمان: «ئەلفىقھۇل ئەكبەر»، دائىرەتىل مەئارىف ئوسمانىييە، ھەيدەر ئاباد، دەكەن- ھىندىستان، 1979 - يىلى نەشرى، 6 - بەت.

كور قىلىپ، قۇلىقى ۋە كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتكەن ئادەمنى دىنغا زورلىغاننىڭ قىلچە پايدىسى يوق[1]. ئىمام سەمەرقەندىيمۇ بۇ ئايەتنىڭ «ھېچكىمنى دىنغا زورلىماڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان[2]. يەنە ئىمام تەبەرىيمۇ بۇ ئايەتتىكى «دىن» كەلىمىسىدىن ئىسلام دىنى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ ھېچكىمنى ئىسلام دىنىغا مەجبۇرلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[3].

دېمەك، قۇرئان كەرىمدىكى ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەت قەلبىدىن قانائەت تېپىپ مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، ھەرگىز ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان بىر كىشىنى ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشاشقا چاقىرىشقا ۋە دەۋەت قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، ئىسلامدا ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى بەجاندىللىق بىلەن ئادا قىلىشى ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشىشى قەتئىي تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئايەتلەر ھەتتا ھەرقانداق سۆز ئۆزى كەلگەن كونتېكست بىلەنلا توغرا چۈشىنىلىدۇ. ھەرقانداق بىر سۆز ئۆزى كەلگەن كونتېكستتىن ئايرىۋېتىلگەندە، توغرا چۈشىنىلمەيدۇ، ئەكسىچە ئېغىر خاتا چۈشىنىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۈملىدىن، ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى كېلىش ئورنىغا قارايدىغان بولساقمۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت دەپ كۆرسەتكەن[4]، ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرقانچە ئىسىم - سۈپەتلىرى يىغىنچاقلانغان ۋە «ئايەتۇلكۇرسىي» دەپ ئاتالغان ئايەتتىن كېيىنلا كەلگەن. ئاندىن مۇشۇ ئايەتنىڭ داۋامىدا: ﴿توغرا يول ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلدى. كىمكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ھەقىقەتەن ئاجراپ كەتمەيدىغان، مۇستەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ﴾[5] دېيىلگەن. بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتۇلكۇرسىينىڭ مەزمۇنى بىلەن ئايەتنىڭ داۋامى نەزەردە تۇتۇلغاندا،

[1] ئىبنى كەسىر: «تەپسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مۇستافا سەييىد مۇھەممەد ۋە باشقىلار، مۇئەسسەسەتۇ قۇرتۇبە، قاھىرە، 2000 - يىلى نەشرى، 2 - جىلد، 444 - بەت.
[2] ئەبۇ لەيس سەمەرقەندىي: «تەپسىر سەمەرقەندىي» (بەھرۇلئۇلۇم)، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەلى مۇھەممەد مۇئەۋۋەز ۋە باشقىلار، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، 1993 - يىلى نەشرى، 1 - جىلد، 224 - بەت.
[3] ئىمام تەبەرىي: «تەپسىر تەبەرىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھمۇد مۇھەممەد شاكىر ۋە ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر، مەكتەبەتۇ ئىبنى تەيمىيە، قاھىرە، 5 - جىلد، 415 - بەت.
[4] مۇسنەدى دارىمىي، فەزائىلۇل قۇرئان، 3423 - ھەدىس؛ ئىسمائىل ئىبنى كەسىر: «تەپسىر ئىبنى كەسىر»، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مۇستافا سەييىد مۇھەممەد ۋە باشقىلار، مۇئەسسەسەتۇ قۇرتۇبە نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 2 - جىلد، 430—432 - بەتلەر.
[5] سۈرە بەقەرە، 256 - ئايەت.

ئىسلام دىنى ئايەتۇلكۇرسىيدا تىلغا ئېلىنغاندەك ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئىسىم - سۈپەتلەرگە ئىگە، نۇقسانسىز، كاتتا ھەم ئۇلۇغ زات تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دىندۇر. ئىسلام مەيدانغا كېلىپ ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن، ئىمان كۇپرىدىن، ھەق باتىلدىن، توغرا خاتادىن ئېنىق ئايرىلدى. بۇنىڭغا قاراپ ئەقلى بار ھەركىم ئىسلامنىڭ ئەڭ توغرا دىن ھەمدە ئىنساننى توغرىغا يېتەكلەيدىغان، مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ توغرا ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. شۇڭا، ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەمنى بۇ دىنغا كىرىشكە زورلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق[1] دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە دىنغا زورلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئېتىقاد قىلىش ياكى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئەركىنلىكى بارلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان باشقا ئايەتلەرمۇ بار. مەسىلەن، ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بولاتتى. سەن كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىش (مۇسۇلمان بولۇش) قا مەجبۇرلامسەن؟﴾[2]؛ ﴿خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن. بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوت (دوزاخ)نى تەييارلىدۇق﴾[3] دېگەندەك ئايەتلەرمۇ شۇنداق مەنىدىكى ئايەتلەردىندۇر.

بۇ ئايەتلەردە دەمال قاراشقا ھەركىمنىڭ دىنغا ياكى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەندەك قىلسىمۇ، ئايەتنىڭ داۋامىدا ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمىغان ياكى مۇسۇلمان بولمىغان كاپىرلار دوزاخ بىلەن تەھدىت قىلىنىش ئارقىلىق ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا تەرغىب قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ «دىنغا ئېتىقاد قىلىش - قىلماسلىق ئەركىنلىكىم بار» دەپلا كۇپرىلىققا مېڭىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلگەن. چۈنكى، بۇ دۇنيانىڭ، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھەتتا ئۇ دۇنيانىڭمۇ ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغانىكەن، ئۆزى خالىغانغا بۇيرۇيدۇ، خالىغاندىن چەكلەيدۇ، خالىغان قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى بېكىتىدۇ. ئىنسانلار ئەنە شۇ ئاللاھ تائالا يوقتىن بار قىلغان مەخلۇقاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا بېكىتكەن ھەرقانداق قائىدە - قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ياشاشقا مەجبۇردۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللاھ ئۇنىڭ ھېسابىنى چوقۇم ئالىدۇ.

[1] ئىبنى كەسىر: «تەپسىيرۇل قۇرئانىل ئەزىم» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مۇستافا سەييد مۇھەممەد ۋە باشقىلار، مۇئەسسەسەتۇ قۇرتۇبە، قاھىرە، 2000 - يىلى نەشرى، 2 - جىلد، 444 - بەت.

[2] سۈرە يۇنۇس، 99 - ئايەت.

[3] سۈرە كەھف، 29 - ئايەت.

يۇقىرىدىمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ بۇگۈنكى ياشلار خاتا چۈشىنىۋېلىۋاتقان مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، ھازىر ياش باللارنى ئاتا ـ ئانىلىرى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش ياكى مۇسۇلمانچە كىيىنىش دېگەندەك بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇلار خۇددى ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقاندەك چۈشىنىۋېلىپ، ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن مەزكۇر ئايەتنى دەستەك قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا قارشى چىقىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. ھالبۇكى، بۇ ئايەت يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ ياكى مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ـ قىلماسلىق، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ـ قىلماسلىق ئىختىيارلىقى بارلىقىنى ئەمەس، بەلكى تېخىچە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلارنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن بۇ ئايەت سالىم ئىبنى ئەۋف جەمەتىدىن ھۇسەين ئىسىملىك بىر ئەنسارىي ھەققىدە نازىل بولغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى خىرىستىيان بولۇپ، ئۆزى مۇسۇلمان ئىدى. بۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلايمەنمۇ؟ چۈنكى، ئۇلار خىرىستىيانلىقتا چىڭ تۇرىۋېلىۋاتىدۇ» دېگەندە، ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئايەتنى نازىل قىلغان. ئىبنى جەرىرنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئەنسارلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ مەدىنىدىكى يەھۇدىي قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان بەنى نەزىر قەبىلىسىدە ئېنىكئانىلىرىنىڭ يېنىدا (يەھۇدىي دىنىدا) چوڭ بولغان باللىرى بار ئىدى. يەھۇدىيلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلىماقچى بولۇشقان ۋە شۇ چاغدا مۇشۇ ئايەت نازىل بولغان[1].

دېمەك، بۇ رىۋايەتلەرمۇ ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەيدىغانلارنىڭ دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ـ قىلماسلىق ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ـ قىلماسلىق ئەركىنلىكى بارلىقى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا زورلاشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھەرگىزمۇ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەيدىغان، «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە ھەرقانداق شەخسنى مەيلى ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقىلار دىنىي ئىبادەتلەرگە ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاشقا بۇيرۇسا بولمايدۇ، دېگەنلىكنى ئۇقتۇرمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە،

[1] ئىمام سۇيۇتىي: «ئەددۇررۇل مەنسۇر فىتتەپسىيرىل مەئسۇر»، دارۇل فىكىر، بېيرۇت، 2011 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

مەيلى ئاتا ـ ئانا بولسۇن ياكى باشقا ئادەم بولسۇن، «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغانلارنىڭ باشقا مۇسۇلمانلارنى ۋە مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى كۆچنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاشقا بۇيرۇش مەجبۇرىيىتى بار[1]. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغان مۇسۇلمانلار گەرچە باشقا ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلغان بولسىمۇ، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە قاتتىق تەنقىد قىلىنغان ھەتتا ئازاب بىلەنمۇ تەھدىت قىلىنغان[2]؛ باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلارنىڭ تۆرلۈك ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەتلەر بېرىلگەن[3].

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىرقانچە مۇھىم نۇقتا بار: ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان بىر ئادەمنى ياكى بىر مۇسۇلمان ئەۋلادىنى يۇقىرىقىدەك ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، مۇسۇلمانچە كىيىنىش، مۇسۇلمانچە ياشاش دېگەندەك ئىشلاردىن ھەرقانداق بىرىگە بۇيرۇسا، دىنغا زورلىغانلىق بولامدۇ ـ يوق؟ بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشىشى، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشى تەلەپ قىلىنامدۇ ـ يوق؟ بىر مۇسۇلماننىڭ ئەركىنلىك دائىرىسى قەيەردىن ـ قەيەرگىچە؟ بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ـ قىلماسلىق ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاش ـ ياشىماسلىق ئەركىنلىكى بولامدۇ ـ يوق؟

يۇقىرىدا بىز «ئېتىقاد ئەركىنلىكى»گە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ تېخى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ياكى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان بىر ئادەمنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلىماسلىقنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتۇق. ئەمما، شاھادەت ئېيتىپ، ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ئادەمگە كەلسەك، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشىشىنىڭ تەلەپ قىلىنىشى ئەقلىي ساۋاتتۇر. چۈنكى، ئىسلامدا ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ئادەمنىڭ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيتىگە يارىشا ياشىشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشى، بەزى ئىشلارنى قىلىشى ۋە بەزى ئىشلارنى قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەپ تۇرۇپ ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغىلى ئۇنىمىسا، مەجبۇرلىنىدۇ ۋە تۈرلۈك جازالار بېرىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ۋە

[1] سۈرە ئال ئىمران، 104 ـ، 110 ـ ۋە 114 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە تەۋبە، 71 ـ ئايەت؛ سەھىھ مۇسلىم، ئىمان، 78 ـ ۋە 80 ـ ھەدىس.
[2] سۈرە مائىدە، 78ـــ79 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە ئەنفال، 25 ـ ئايەت؛ سۈنەن ئەبى داۋۇد، مەلاھىم، 4336 ـ ھەدىس.
[3] سۈرە ئەئراف، 165 ـ ئايەت.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بىر مۇسۇلمان قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى قىلغىلى ئۇنىمىسا ياكى چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلسا، مۇئەييەن جازالار بېكىتىلگەن. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ھاراق ئىچكۈچىگە دەررە ئۇرۇش[1]، ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولىنى كېسىش[2]، زىناخورنى چالما - كېسەك قىلىش ياكى دەررە ئۇرۇش[3]، باشقىلارغا بوھتان چاپلىغۇچىلارغا تەزىر ئۇرۇش[4] دېگەندەك جازالارنىڭ بېكىتىلگەنلىكى ۋە بۇ ھۆكۈملەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ دەۋرلىرىدىمۇ ئىجرا قىلىنغانلىقى ئىسلامدا ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ھەرقانداق ئادەم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم ئىبادەتلەرنىڭ ھەمدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار تۈزۈم ۋە پرىنسىپلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام تارىخىغا قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەنى ئەسەد، غەتەفان ۋە تەي قەبىلىلىرىدىن بىر بۆلەك كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلامغا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلغان بولسىمۇ، زاكاتلىرىنى بەرگىلى ئۇنىمىغان. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكەن (يەنى ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرمىگەن) كىشىگە ئۇرۇش ئاچىمەن، چۈنكى زاكات مالنىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تال ئوغلاقچا چاغلىق نەرسىنى بەرگىلى ئۇنىمىسا، مەن ئۇلارغا شۇ نەرسىنى بەرمىگەنلىكىگە قارىتا چوقۇم ئۇرۇش ئاچىمەن»[5] دېگەن ۋە مەزكۇر قەبىلىلەرگە ئۇرۇش ئېچىپ، زاكاتنى مەجبۇرىي ئالغان[6]. دېمەك، ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ۋە «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ھەرقانداق كىشى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشىشى، بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى بەجانىدىللىق بىلەن ئادا قىلىشى، ئەمر - پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشى شەرت.

ئادەتتىكى رېئال تۇرمۇشىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ، بۇ دۇنيادا ياشىغان

[1] سەھىيھۇل بۇخارىي، ھۇدۇد، 6773–6779 - ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، ھۇدۇد، 1706–1707 - ھەدىسلەر.
[2] سۈرە مائىدە، 38 - ئايەت؛ سەھىيھۇل بۇخارىي، ھۇدۇد، 6788–6799 - ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، ھۇدۇد، 1684–1689 - ھەدىسلەر.
[3] سۈرە نۇر، 2 - ئايەت؛ سەھىيھۇل بۇخارىي، ھۇدۇد، 6812–6814 - ۋە 6819–6820 - ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، ھۇدۇد، 1690–1693 - ھەدىسلەر.
[4] سۈرە نۇر، 4 - ئايەت؛ سەھىيھۇل بۇخارىي، ھۇدۇد، 6859–6860 - ھەدىسلەر.
[5] سەھىيھۇل بۇخارىي، زاكات، 1400 - ھەدىس.
[6] ئىمام تەبەرىي: «تارىخ تەبەرىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئەبۇلفەزل ئىبراھىم، دارۇل مەئارىف، قاھىرە، 3 - جىلد، 258 - بەت.

ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سالاھىيىتى ۋە كىملىكى بولىدۇ، ھەركىمنىڭ شۇ سالاھىيىتى ۋە كىملىكىگە يارىشا پائالىيەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ناۋادا ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇنىڭغا مەزكۇر سالاھىيەت بېرىلمەيدۇ. ئەڭ ئاددىيسى، بىر زاۋۇت ئىشچىسى مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى ۋە ئاي ئاخىرىدا مائاشىنى جايىدا ئالالىشى ئۈچۈن، چوقۇم شۇ زاۋۇتنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، ھەر كۈنى مۇئەييەن سائەتتە ئىشقا چۈشۈپ، مۇئەييەن سائەتتە ئىشتىن چۈشۈشى، ھەر زاۋۇت ئىشچىسى ئۆزى ئىشلەيدىغان زاۋۇتنىڭ مەخسۇس فورمىسىنى كىيىشى، بەلگىلەنگەن ئىشلارنى جايىدا قىلىشى، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. بولمىسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ «ئىشچىلىق» سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىپ، زاۋۇتتىن قوغلىنىدىغانلىقى ۋە مائاشتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بىلىدىغان ئەقەللىي ساۋاتتۇر.

شۇنىڭدەك، «ناۋايلىق»نى ئالىدىغان بولساق، بۇمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان، كەسپىي بىر سالاھىيەتتۇر. بىراۋنىڭ «ناۋاي» دېگەن سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇشنى، تونۇرنى جايىدا تەڭشەشنى، ناننى قانداق يېقىشنى ۋە جايىدا پىشۇرۇپ قومۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. بىر ئادەم ئۆزىنى «مەن ناۋاي» دەيدىكەن، ئۇنىڭدىن يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى لايىقىدا قىلالايدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بولمىسا، ئۇنى «ناۋاي» دېگىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ مەسىلە. يەنە «دوختۇرلۇق»مۇ ھەممىمىز بىلىدىغان ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان، مۇھىم كەسپىي سالاھىيەتلەردىن بىرىدۇر. بىراۋ ئۆزىنى «مەن دوختۇر» دەپ ئۆزىدە «دوختۇرلۇق» سالاھىيىتى بارلىقىنى دەۋا قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىمارلارغا لايىقىدا دىياگنوز قويۇش، كېسەللىك ئەھۋالىنى توغرا بايقاش، بىمارلارنىڭ مىزاج - خاراكتېرىنى بىلىش ۋە مۇناسىپ دورا بېرىش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئوپېراتسىيە قىلىش، جىددىي قۇتقۇزۇش ۋەھاكازا... ھەر تۈرلۈك داۋالاش بىلىملىرىنى پىششىق بىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ناۋادا ئۇ بىمارلارغا لايىقىدا دىياگنوز قويالمىسا، مەزكۇر داۋالاش بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولمىسا ياكى مەزكۇر بىلىملەردىن خەۋەردار بولسىمۇ، «دوختۇرلۇق» سالاھىيىتىگە يارىشا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، ئۇنداق ئادەمنى «دوختۇر» دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، «ئوقۇغۇچىلىق»مۇ بىر سالاھىيەت ۋە كىملىكتۇر. بىراۋنىڭ ئۆزىنى «مەن ئوقۇغۇچى» دەپ «ئوقۇغۇچىلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەلۇم مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇشى، شۇ مەكتەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە، مۇئەييەن ۋاقىتتا مەكتەپكە بېرىشى ۋە مۇئەييەن ۋاقىتتا قايتىشى، مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە

تولۇق قاتنىششى، ئوقۇتقۇچى بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى جايىدا ئىشلىشى ۋە ئىمتىھانلارغا قاتنىشىپ، لاياقەتلىك نومۇر ئېلىشى ھەتتا مەخسۇس ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى كىيىشى قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان ئىشلار تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مەزكۇر ئىشلارنى تەلەپكە لايىق رەۋىشتە ئورۇندىمىسا، ھەرقانچە قىلسىمۇ «ئوقۇغۇچىلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي جەمئىيىتىمىزدە دېھقانچىلىقتىن ئىنژېنېرلىققىچە، تىككۈچىلىكتىن ئۇچقۇچىلىققىچە، پۇقرالىقتىن رەئىسلىككىچە نۇرغۇن كەسپىي ۋە ئىلمىي سالاھىيەتلەر بار بولۇپ، بۇ سالاھىيەتلەر مەخسۇس ئورگانلار ياكى مۇئەييەن شەخسلەر ۋە ياكى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن شۇ سالاھىيەتكە لايىق كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ھەر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا چوقۇم بىر سالاھىيىتى ۋە كىملىكى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەربىر سالاھىيەتنىڭ شۇ سالاھىيەتكە ئىگە بولغان كىشى ئورۇندىمىسا بولمايدىغان بىر قاتار تەلەپلىرى بولىدۇ. ناۋادا ھەرقانداق سالاھىيەت ئىگىسى ئۆز سالاھىيىتىگە يارىشا ئىشنى قىلمىسا، ئۆزى ئىگە بولغان سالاھىيەتنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇندىمىسا، ئۇنىڭغا مەزكۇر سالاھىيەتنى بېرىشكە بولمايدۇ ياكى ئۇ سالاھىيەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەممىمىز بىلىدىغان ئەقلىي ساۋاتلاردۇر.

ئەمدى ئەسلىي گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، شاھادەت كەلىمىسى ئېيتىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشى «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ھېسابلىنىپ، شۇ سائەتتىن باشلاپ «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ دىنىي كىملىكى «مۇسۇلمان» بولىدۇ. بىر ئادەم «مۇسۇلمان» ئاتىلىپ، «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىر قاتار ئىشلارنى قىلىش تەلەپ قىلىنغاندەك، يەنە بەزى ئىشلارنى قىلماسلىقمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلار ئىنسانغا «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتى بېرىدىغان ئىسلام تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار ھايات دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدە ۋە ئىككى ئالەملىك يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدە روشەن بايان قىلىنغان.

بىر ئىنساننىڭ قانداق قىلىپ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىسلام (مۇنۇ) بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھىي مەبۇد يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى ئادا قىلىش، زاكاتنى بېرىش، ھەج قىلىش ۋە

رامىزان روزىسىنى تۇتۇش»[1].

«ئىسلام» ۋە «مۇسۇلمانلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇم «جىبرىئىل ھەدىسى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق تەكىتلىنىدۇ: «ئىسلام ــ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى ئادا قىلىشىڭ، زاكات بېرىشىڭ، روزا تۇتۇشۇڭ ۋە قۇربىڭ يەتسە، ھەج قىلىشىڭدۇر»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسلەردە بىراۋنىڭ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، ئاۋۋال ئاللاھتىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقلۇقىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى، پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن بەش ۋاخ نامازنى تەئدىل - ئەركانلىرى بىلەن، بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئادا قىلىشى، مۇئەييەن مىقداردا مال - مۈلۈك ساھىبى بولغان كىشى مال - مۈلكىنىڭ زاكىتىنى بېرىشى، قۇربى يەتسە ھەج قىلىشى ۋە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرغان. دېمەك، ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ھەرقانداق ئادەم مۇشۇ ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن ئىبادەتلەرنى چالا قويماي، تەلەپكە لايىق ئادا قىلغاندىلا ئىسلامغا كىرگەن ھېسابلىنىپ، ئادەتتىكى بىر «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئەمما، قىيامەتتە ئىمانىمىزنىڭ بىزگە ئەسقاتىدىغان ئىمان بولۇشى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى، كېچە - كۈندۈزلەپ مۇشۇ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشىمىز، ئاندىن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشى تەلەپ قىلىنغان باشقا ئىشلارنىمۇ جايىدا ئادا قىلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن قاتتىق ساقلانغان ھالدا ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، شۇ سالاھىيەتكە ئۇيغۇن ياشاپ «مۇسۇلمان» پېتى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! (ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق) ئاللاھتىن ھەققىي رەۋىشتە قورقۇڭلار. پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى (قۇرئان) غا مەھكەم يېپىشىڭلار...﴾[3].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىراۋنىڭ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە

[1] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئىمان، 8 ـ ھەدىس.
[2] سەھىھ مۇسلىم، ئىمان، 8 ـ ھەدىس.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 102 ـ ئايەت.

بولۇشى ۋە «مۇسۇلمان» پېتى ئۆلۈشىنى ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، چەكلىمىلىرىدىن يېنىشقا ۋە ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ ياشاشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. «ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقۇش» ۋە «مۇسۇلمان پېتى ئۆلۈش» بۇ ئايەتتىكى مۇھىم نۇقتىلاردىن بولۇپ، بۇ ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ۋە چەكلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىش، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ ياشاش بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ. بىر كىشى ئۆزىنى مەن «مۇسۇلمان» دەپ قويۇپ قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىسا ياكى بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىگە ئەمەل قىلمىسا، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى قۇرئان كەرىمگە مەھكەم يېپىشمىغان، ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقمىغان بولىدۇ ـ دە، ھەقىقىي «مۇسۇلمان» بولالمايدۇ. ھەتتا كۈتۈلمىگەندە، «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىدىن مەھرۇم ھالدا دۇنيادىن كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە، قاچان، قانداق ھالەتتە، قايسى سەۋەب بىلەن جان تەسلىم قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئاللاھ ساقلىسۇنكى، بىراۋ بىر ئۆمۈر ئىبادەت بىلەن ياشاپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنى «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىدىن چىقىرىۋېتىدىغان دەرىجىدە ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا ياكى چەكلىمىسىگە قارشى بىرەر گۇناھ قىلىۋاتقان ھالدا ۋاپات تېپىپ قالسا، بۇ چاغدا ئۇ «مۇسۇلمان پېتى» ئۆلمىگەن، ئەكسىچە گۇناھ ئۈستىدە، «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىدىن مەھرۇم ھالدا ئۆلگەن بولۇپ قالىدۇ[1]. شۇڭا، بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ياكى چەكلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىشى، «ئەتە ياكى ئۆگۈن تەۋبە قىلىۋالارمەن» دەپ ئەڭ كىچىك گۇناھقىمۇ سەل قارىماسلىقى لازىم. چۈنكى، گۇناھ بىزگە نىسبەتەن ھەرقانچە كىچىك بولغان تەقدىردىمۇ، بىزنى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە كۆزىتىپ تۇرىدىغان زات كاتتىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ ھېچقانداق كاپالىتى يوق. ھېچكىم ئەتىگىچە ياكى ئۆگۈنگىچە ھايات تۇرىمەن، شۇ چاغدا تەۋبە قىلىۋالارمەن، دېيەلمەيدۇ. چۈنكى، «ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا».

ئىسلامدا يەنە «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ھەرقانداق ئىنسان قىلىشقا ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار. جۈملىدىن، بىر ئىنسان ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىشتا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، روزا

[1] سەھىيھۇل بۇخارىي، قەدەر، 6594 ـ ھەدىس.

تۇتۇش، مۇئەييەن مىقداردا مال - مۈلۈككە ئىگە بولسا مىلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىش، كۆچى يەتسە ھەج قىلىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ۋە يېتىم - يېسىرلارغا يار - يۆلەك بولۇش، راستچىل ۋە ئامانەتچان بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سېخىي ۋە ھايالىق بولۇش، دۇرۇس بولۇش، مېھىر - شەپقەتلىك، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، كەمتەر، ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش، بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئېسىل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش دېگەندەك ئىشلار «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بىر مۇسۇلمان قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يا قۇرئان كەرىمدە، يا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىدە بايان قىلىنغان.

شۇنىڭدەك، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە ئاسىيلىق قىلماسلىق، ئاتا - ئانىنى قاقشاتماسلىق، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزمەسلىك، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە قاراقچىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچمەسلىك، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكمەسلىك، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، چېقىمچىلىق ۋە سۇخەنچىلىك قىلماسلىق، بوھتان چاپلىماسلىق، باشقىلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە يۈز - ئابرۇيىغا چېقىلماسلىق، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلماسلىق، باشقىلارنى ناھەق ئۇرۇپ - سوقماسلىق، قاقتى - سوقتى قىلماسلىق، سەت گەپ قىلماسلىق ۋەھاكازا... نۇرغۇن ئىشلار «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ھەرقانداق كىشىنىڭ قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى ۋە يېقىن يولىماسلىقى؛ ناۋادا قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن مەزكۇر قىلمىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالغان بولسا، دەرھال قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىشى كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ ئىشلارمۇ يا قۇرئان كەرىمدە، يا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىدە بايان قىلىنغان.

دېمەك، بىر ئىنسان ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىكەن، چوقۇم بىر مۇسۇلماننىڭ قىلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى ئامال بار جايىدا، تولۇق ئادا قىلىشى؛ چەكلەنگەن ئىشلاردىن كۆچىنىڭ يېتىشىچە يىراق تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ۋە «مۇسۇلمان» كىملىكىگە ئىگە بولالايدۇ. ناۋادا ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەپ قويۇپ، ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلىپ، خالىغانىنى قىلماي، ئۆز خاھىشى بويىچە ياشىسا، ئۇنداق ئادەم «مەن مۇسۇلمان» دەپ ھەركۈنى مىڭ قېتىم تەكرارلىسىمۇ

«مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ ئەھۋال پەقەت ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، باشقا ھەرقانداق دىندىمۇ شۇنداق، ھەتتا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ شۇنداقتۇر.

ئەمدى بۇ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» مەسلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى خۇلاسىلىسەك، سۈرە بەقەرەنىڭ 256 ـ ئايىتى يەنى ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى، كاتتىلىقى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يالغۇز ئۆزى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، بەندىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى دېگەندەك بىر قاتار ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان، ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت دەپ ئاتالغان «ئايەتۇلكۇرسىي»دىن كېيىن كەلگەن ۋە مۇشۇ ئايەتنىڭ ئۆزىمۇ توغرا يولنىڭ ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلغانلىقى، تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاجراپ كەتمەيدىغان، مۇستەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئاخىرلىشىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە بولسا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دوستىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى، كاپىرلارنىڭ دوستىنىڭ تاغۇت ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ بارار جايىنىڭ جەھەننەم بولىدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت ئىسلام شۇنداق ئۇلۇغ ۋە كاتتا، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان زات ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر دىنكى، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا كىشىلەرنى بۇنىڭغا زورلاپ ئۇلتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم ئۆزلۈكىدىن بۇ دىنغا كىرىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئايەت يەنى سۈرە كەھفنىڭ 29 ـ ئايىتىنىڭ تولۇق ھالىتى مۇنداق: ﴿ئېيتقىنكى، ھەق (يەنى قۇرئان) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىندۇر. خالىغان كىشى ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان كىشى كاپىر بولسۇن. شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق. ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾. بۇ ئايەتمۇ قارىماققا خالىغان ئادەمنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋە خالىغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇشىغا ئىختىيارلىق بېرىدىغان مەنىنى ئۇقتۇرسىمۇ، كاپىرلار ئۈچۈن دوزاختا قانداق ئازاب تەييارلانغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئىنسانلار كاپىرلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، ئىمان ئېيتىشقا تەشۋىق قىلىنغان. ھەتتا ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ ئايەتتىكى ﴿خالىغان كىشى ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان كىشى كاپىر بولسۇن﴾ دېگەن جۈملىدە قوللىنىلغان راي پېئىللىرىنىڭ ئىمان ئېيتىش

ـ ئېيتماسلىق، مۇسۇلمان بولۇش ياكى كاپىر بولۇشتىن قايسىبىرىنى تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بۇنىڭ ئىنسانلارنى كۆپۈرلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىت تۈسىدە كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[1]. ئايەتنىڭ داۋامىنىڭ كاپىرلارنىڭ دوزاخ ئازابى بىلەن تەھدىت قىلىنغانلىقىمۇ مۇشۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئايەت يەنى: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بولاتتى. سەن كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىش (مۇسۇلمان بولۇش) قا مەجبۇرلامسەن؟﴾[2] دېگەن ئايەتكە كەلسەك، بۇ ئايەتمۇ قارىماققا ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلاشتىن توسقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئايەتلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئايەتلەر ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھەرقانچە ئىمانغا چاقىرغان بىلەنمۇ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى، ئىمان ئېيتىشنىڭمۇ پەقەت ئاللاھنىڭ شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىشىغا باغلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ[3].

دېمەك، بۇ ۋە مۇشۇ مەزمۇندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر قارىماققا ئىنسانلارغا بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىق ئەركىنلىكى بەرگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ھەرگىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ماڭا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتماي، پەيغەمبەرلىرىمگە ئەگەشمىسەڭلارمۇ بولۇۋېرىدۇ؛ نېمە ئىش قىلساڭلار ئىختىيارىڭلار، مەن ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمايمەن، دەپ مۇتلەق ئىختىيارلىقىغا قويۇۋەتكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ئۆزى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە ۋە نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ بويىچە ياشىغان ـ ياشىمىغانلىقى ھەققىدە چوقۇم سوئال ـ سوراق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھېسابىنى چوقۇم ئالىدىغانلىقىنى؛ ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرلەرگە بويسۇنۇپ، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان كىتابلارغا ئەمەل قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنى چوقۇم جازالايدىغانلىقىنى قەدەممەدە بىر تەكىتلەپ تۇرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئادا قىلىشقا

[1] ئىمام تەبەرىي: «تەپسىر تەبەرىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن تۈركىي، ھىجر نەشرىياتى، قاھىرە، 2001 ـ يىلى نەشرى، 15 ـ جىلد، 244ـــ245 ـ بەت؛ ئىمام قۇرتۇبىي: «تەپسىر قۇرتۇبىي (ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان)»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن تۈركىي ۋە باشقىلار، مۇئەسسەسەتۇررىسالە نەشرىياتى، بېيرۇت، 2006 ـ يىلى نەشرى، 13 ـ جىلد، 260 ـ بەت.

[2] سۈرە يۇنۇس، 99 ـ ئايەت.

[3] سۈرە يۇنۇس، 98ـــ103 ـ ئايەتلەر.

بۇيرۇغانلىقى ئۇلارنى دىنغا زورلىغانلىق ياكى ئۇلارنىڭ ئېتقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولامدۇ؟

پەرزەنت ــ ھەممىدىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ لۇتفى ـ ئېھسانى ۋە كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك ئامانەتتۇر. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىر تەرەپتىن ئىلاھىي مەجبۇرىيەت ئېڭى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن پەرزەنتلىرىگە بولغان چىن سۆيگۈسىنىڭ تۈرتكىسىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەيدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا چېكىدۇ؛ ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ جاپاسىنى تارتىپ، پەپىلەپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ھەتتا جەمئىيەتىمىزدە «بالا ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن مەڭگۈ چوڭ بولمايدۇ» دەيدىغان گەپمۇ بار. دېمەككى، بالا ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئاتا ـ ئانا بىر ئۆمۈر بالام دەپلا ئۆتىدۇ، بالىسى ئۈچۈن ئوتتا كۆيىدۇ، سۇدا ئاقىدۇ. قىسقىسى، باللىرىنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. پەرزەنتلىرى خۇشال بولسا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار ئۇلاردىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ؛ بالا بەخت تاپسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ؛ پەرزەنت قايغۇرسا، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنمۇ بەكرەك قايغۇرىدۇ؛ باللىنىڭ كىچىككىنە بىر يېرى ئاغرىپ قالسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكى ئاغرىيدۇ، قولى ئىشقا بارمايدۇ، كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇمۇ كىرمەيدۇ. ئاتا ـ ئانا بۇ جەرياندا ئۇن ـ تىنسىز نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەيدۇ، پەرزەنتلىرىگە قىلچە مىننەتسىز مېھىر ـ شەپقەت بېرىدۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى ھەتتا گېزى كەلگەندە جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىككى دۇنيادا بولۇپمۇ ئۇ دۇنيادا بەختلىك بولۇشىنى ھەممىدىن بەك تىلەيدىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن تىنىمسىز ۋە مىننەتسىز مېھنەت قىلىدىغان ئىنسانلاردۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاللاھ تائالا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەلبىگە پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن شۇنداق چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتنى سالغانكى، ئاتا ـ ئانىلار شۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدە كېچە ـ كۈندۈزلەپ پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇلار ئۈچۈن چىن قەلبىدىن ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت تىلەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە لايىق «مۇسۇلمان» بولۇشىنى ۋە شۇ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتى بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. مۇسۇلمان

بىر ئاتا ـ ئانا ئۆزلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ۋە ئازابىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىش بىلەن بىرگە، پۈتۈن ئەھلى ـ ئەۋلادى ۋە بالا ـ چاقلىرىنىمۇ ئوخشاشلا دوزاختىن ساقلاشقا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىدۇ.

ھەر ئىنسان بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ، بوۋاقلىق، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دېگەندەك بىرقانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈپ تاكى بالاغەتكە يېتىپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغانغا قەدەر ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولالمايدۇ. نۇرغۇن دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى جايىدا ھەل قىلالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، چوڭلار بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار بالىلىرىنى زىيانلىق ئىشلاردىن چەكلەيدۇ، پايدىلىق ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئىسلام دىنىمۇ ھەركىم تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بالاغەت يېشىغا يەتكەنگە قەدەر پەرزەنتلىرىگە دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىش، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇش ۋەزىپىسىنى چوڭلارغا بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىلارغا يۈكلەيدۇ. بۇ، ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ بويىنىدىكى باش تارتىپ بولالمايدىغان ئىلاھىي مەجبۇرىيەتتۇركى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار...﴾[1]. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرنى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى دوزاختىن ساقلاش بىلەن بىرگە، پەرزەنتلىرىنىمۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلماي «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، دوزىخىيلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلاشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ: «سىلەر ھەممىڭلار پادىچى ۋە ئۆز پاداڭلارغا مەسئۇلسىلەر. ئىماممۇ پادىچى ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇلدۇر، ئەر كىشىمۇ بالا ـ چاقلىرى ئىچىدە پادىچىدۇر ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇلدۇر، ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىدۇر ۋە ئۆز پادىسىدىن مەسئۇلدۇر...»[2] دېيىش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پۈتۈن قىز ـ ئايال ۋە بالا ـ چاقلىرىغا مەسئۇل ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىرگە ئېتىقادىغا، دىنىي تەلىم ـ تەربىيەسىگە ۋە

[1] سۈرە تەھرىم، 6 ـ ئايەت.
[2] سەھىھۇل بۇخارىي، جۇمۇئە، 893 ـ ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، ئىمارە، 1829 ـ ھەدىس.

ئىككى دۇنيالىق مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىنىشىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى لازىملىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەتتە ئاتا - ئانىلاردىن پەرزەنتلىرىنىڭ ھېسابىنى سورايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق مۇسۇلمان ئاتا - ئانا بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالا پەرزەنتلىرى ئالدىدا يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى جايىدا يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەتتە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادىتىنى كۆزلەپ ئۇلارنى ئامالىنىڭ بارىچە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ، ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، روزا تۇتۇش، راستچىل بولۇش، دۇرۇس بولۇش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەتمەن بولۇش، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن رەۋىشتە ياشاش دېگەندەك ئىشلارغا بۇيرۇغانلىقى؛ شۇنىڭدەك ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، يالغان ئېيتىش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، ئالدامچىلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەق - ھوقۇقلىرىغا چېقىلىش، قىسقىسى، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە دەخلى يەتكۈزۈش دېگەندەك ھەر تۈرلۈك يامان قىلمىشلاردىن چەكلىگەنلىكى ھەرگىز ئۇلارنى دىنغا زورلىغانلىق ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ ئۇلارنىڭ ھەم پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە، ھەم ئاتا - ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تىرىشقانلىقىدۇر. ماقالىنىڭ بېشىدىمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەيلى ئاتا - ئانا بولسۇن ياكى باشقا بىرى بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر مۇسۇلماننى يەنە بىر مۇسۇلمان دىنىي ئىبادەتلەرگە ياكى باشقا قانداقتۇر بىرەر سالىھ ئەمەلنى قىلىشقا بۇيرۇسا، ئۇنى دىنغا زورلىغانلىق ھېسابلانمايدۇ، ئەكسىچە ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم كۆرسەتمىلىرى ۋە تەلەپلىرىدىن بىرى بولغان ئەمرىمەئرۇف - نەھيىمۇنكەردىن ئىبارەت بۇيرۇقنى ئورۇندىغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، بىز ماقالىنىڭ باش قىسمىدا ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەت ۋە مۇشۇ مەزمۇندىكى باشقا ئايەتلەرنىڭ تېخى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان، مۇسۇلمان بولمىغان ئادەملەرنى ئىسلامغا ياكى باشقا قانداقتۇر بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغانلىقى، ئەمما «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بىر مۇسۇلماننى دىنىي ئىبادەتلەرگە بۇيرۇش بۇ ئايەتتىكى «دىنغا زورلاش» ئۇقۇمىغا ياتمايدىغانلىقى، ئەكسىچە بۇنىڭ

بىر مۇسۇلماننىڭ «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە يارىشا ياشاشقا ئۈندىگەنلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق.

بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى نېمە؟ بالىلار 18 ياشقا توشسىلا ئاتا - ئانىسىدىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل، چەكلىمىسىز ئەركىنلىككە ئىگە ئادەم بولۇپ كېتەمدۇ؟

كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق ئىنسانغا نىسبەتەن ئاتا - ئانا ئاللاھ تائالادىن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن قالسىلا ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ قەدىرلىك ئىنسانلاردۇر. چۈنكى، ئاتا - ئانا ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىدىكى ۋە شۇنچىلىك ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەبكاردۇر. ئىنساننىڭ ئاتا - ئانىسىنى ھەممىدىن بەك قەدىرلىشى ھەم ئىنسانىي، ھەم دىنىي مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتتۇر. ئىنسانىي مەجبۇرىيەت بولۇشى ئاتا - ئانا ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان، ئاندىن قاتمۇقات جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان، يېمەي - يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈرگەن، بارلىقىنى پەرزەنتى ئۈچۈن بېغىشلىغان، گېزى كەلگەندە جېنىنىمۇ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قالقان قىلغان، ئۇلارغا قىلچە مىننەتسىز ياخشىلىقلارنى قىلغان، پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىنى پەرزەنتلىرىگە بەخش ئەتكەن قەدىردان ئىنسانلاردۇر. قىسقىسى، ھېچقانداق بىر پەرزەنت ئاتا - ئانىسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى بىر ئۆمۈر يۈدۈپ يۈرۈپ باقسىمۇ ئادا قىلىپ بولالمايدۇ[1]. شۇ ۋەجىدىن، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى شېرىك كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلىمىسىلا ئاتا - ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشقا[2]، ئۇلارغا ئەڭ كۆپ ياخشىلىق قىلىشقا، ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇيدۇ[3]؛ ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشتىن، ھالىدىن خەۋەر ئالماي تاشلىۋېتىشتىن، قاتتىق - قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن، بولۇپمۇ ئاتا - ئانا ياشانغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان كىچىككىنە قوپال گەپ قىلىشتىنمۇ قاتتىق چەكلەيدۇ[4]؛ ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسىلا، ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلايدۇ[5]. ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ھۆرمەتلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىدىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنى يەككە - يېگانە دەپ بىلىشكە بۇيرۇپ، شېرىك كەلتۈرۈشتىن توسقاندىن كېيىنلا، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ[6]. ئاللاھ تائالانىڭ

[1] مۇسلىم، ئىتق، 3799 - ھەدىس؛ تىرمىزىي، بىرر، 1906 - ھەدىس.
[2] سۈرە لۇقمان، 14—15 - ئايەتلەر.
[3] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئەدەب، 5971 - ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، بىرر، 2548 - ھەدىس.
[4] سۈرە ئىسرا، 23—24 - ئايەتلەر.
[5] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئەدەب، 5976—5977 - ھەدىسلەر.
[6] سۈرە نىسا، 36 - ئايەت؛ سۈرە ئىسرا، 23 - ئايەت.

بەندىلەرنى ئۆزىگە قۇلچىلىق قىلىشقا چاقىرىش بىلەن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى بىر يەردە تىلغا ئالغانلىقى ئاتا ـ ئانىلارغا ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىشنىڭمۇ قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدىغان، مۇھىم ئىبادەتلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە قۇرئان كەرىمدە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇلۇپ، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى؛ مۇتەكەببىر، بەدبەخت قىلمىدى﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ئاتا ـ ئانىنى خۇشال قىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىنى غەزەپلەندۈرۈشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[2]؛ ئۆمرى ئۇزۇن، رىزقى كەڭ بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىدۇ[3]؛ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، قىيىن كۈندە قەتئىي ئىلاجسىز قالغاندا، ئاتا ـ ئانىغا قىلغان ياخشىلىق ئەسقاتىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدىغان قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلىنغان دۇئالارنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىغا قىلغان ياخشىلىق تۈپەيلى ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ[4]؛ ئاتا ـ ئانىنىڭ جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئىنسانىنىڭ جەننەتكە كىرىشىدە ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى[5]؛ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىلا جازالىنىدىغانلىقىنى[6]، ئاخىرەتتىمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[7]. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەتمەن بولۇپ، ياخشى مۇئامىلە قىلسا، ئاتا ـ ئانىسىنى خۇش قىلسا، ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانا بولغاندا ئىتائەتمەن، سالىھ پەرزەنتلەر ئاتا قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ[8]. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ھەرقانداق ياخشىلىقنى چوقۇم ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى[9] ئۇقتۇرغانلىقىمۇ مۇشۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئادەتتە بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ «نېمە تېرىساڭ، شۇنى

---

[1] سۈرە مەريەم، 32 ـ ئايەت.
[2] تىرمىزىي، بىرر، 1899 ـ ھەدىس؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 6 ـ جىلد، 177.
[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئەھمەد ئەتا، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، 1989 ـ يىلى نەشرى، 244 ـ ھەدىس.
[4] سەھىيھۇل بۇخارىي، بۇيۇئ، 2215 ـ ھەدىس؛ ئىجارە، 2272 ـ ھەدىس.
[5] تىرمىزىي، بىرر، 1900 ـ ھەدىس؛ ئىبنى ماجە، تالاق، 2089 ـ ھەدىس.
[6] ئىمام بۇخارىي: «ئەدەبۇل مۇفرەد»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىي، ئەلمەتبەئەتۇس سەلەفىييە، قاھىرە، ھىجرىيە 1375 ـ يىلى نەشرى، 591 ـ ھەدىس.
[7] سۈنەن نەسائىي، 2343 ـ ھەدىس.
[8] تىرمىزىي، بىرر، 2022 ـ ھەدىس.
[9] سۈرە راھمان، 60 ـ ئايەت.

ئۇرايسەن» دېگەن ماقال ـ تەمسىل بار. بولۇپمۇ ھەركىمنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغانلىرى مەيلى ياخشىلىق بولسۇن ياكى يامانلىق بولسۇن، كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىگە قايتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ. يەنى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ، رازى قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا ئىتائەتمەن، سالىھ پەرزەنتلەرنى ئاتا قىلىدۇ؛ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىپ، نارازى قىلغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۇلارنى قاقشىتىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسى ناۋادا ئاللاھ تائالا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىمىسىلا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى، ئۇلارنى رازى قىلىشقا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىشى لازىم.

ئەمدى «بالىلار 18 ياشقا توشسىلا، ئاتا ـ ئانىسىدىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل، چەكلىمىسىز ئەركىنلىككە ئىگە ئادەم بولۇپ كېتەمدۇ؟» دېگەن سوئالغا كەلسەك، ئىسلامدىن خالىي دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىگە ئاساسەن، بىر بالا مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن 18 ياشقا توشقاندا ئاتا ـ ئانىسىدىن مۇستەقىل ئادەم بولىدۇ. يەنى بىر بالا 18 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسەررۇپى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا بولسىمۇ، 18 ياشقا توشقاندا ھاياتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەلىرىدە ئۆزى چاغلاپ ئىش قىلالايدۇ، ياخشى ـ يامان پۈتۈن قىلمىشلىرىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. جۈملىدىن، بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئاتا ـ ئانىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىۋاسىتە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ بىرەر نەرسىسىنى بۇزۇپ قويسا، ئۆزى تۆلەيدۇ.

ئىسلامدا ئىنساننىڭ مۇستەقىل ئادەم بولۇش دەۋرى 18 ياشقا باغلانماستىن، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ياش بولغان بالاغەت يېشى ئاساس قىلىنىدۇ[1]؛ ئىنسان بالاغەت يېشىغا يەتكەندە، مۇستەقىل ئادەم بولىدۇ. يەنى بۇ، ئىسلامدا ئىنسان بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ياخشى ـ يامان پۈتۈن ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاسىتە مەسئۇل ۋە جاۋابكار بولىدۇ؛ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، قىلمىشىغا ئۆزى بىۋاسىتە جاۋابكار بولۇپ، تېگىشلىك جازالار بېرىلىدۇ. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋالغان ياكى بۇزۇۋەتكەن بولسا، ئۆزى تۆلەيدۇ؛ ئاندىن بۇ دۇنيادا پۈتۈن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ جاۋابىنى قىيامەتتە ئاللاھقا يەنە ئۆزى بېرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. قىسقىسى، مەيلى باشقا قانۇن ـ تۈزۈملەردىكىدەك 18 ياشقا توشقاندا بولسۇن، مەيلى ئىسلامدىكىدەك بالاغەت يېشىغا يەتكەندە بولسۇن، بالىنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر

[1] بالاغەت يېشىنىڭ قانچە ياش ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ نېمىگە ئاساسەن بېكىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە فىقھى كىتابلىرىدا نۇرغۇن تەپسىلاتلار بار. بۇ ھەقتە كونكرېت مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولغانلار مەزكۇر مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلغاي.

يەھۇدىي بولسا، يەھۇدىي دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە، خرىستىيان بولسا خرىستىيان دىنىنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ياشايدۇ. ناۋادا مۇسۇلمان بولسا، ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دېسە، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە يارىشا ياشاشقا مەجبۇردۇر. بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن بالىنى تەربىيىلەش، توغرا ـ خاتانى تونۇتۇش، ياخشى ـ يامانىنى ئىلغىتىش، ھالال ـ ھارامنى بىلدۈرۈش، قىسقىسى، يوقتىن ئاپىرىدە قىلغۇچى پەرۋەردىگار ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاشنى ئۆگىتىش قاتارلىق بىر قاتار مەسئۇلىيەتلەر ئاتا ـ ئانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولسىمۇ، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەر بىۋاسىتە بالىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەتتىمۇ ئۆز قىلمىشلىرىغا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا بىر ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا جاۋابكار بولمايدۇ[1]. دېمەك، بالا ياشتا چوڭلايغانسېرى مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئۆستىگە بالا 18 ياشقا كىرگەندە ياكى بالاغەت يېشىغا يەتكەندە، «مۇستەقىل ئادەم بولدۇم» دەپلا باشقا دىنلاردىكىدەك ياكى دىنسىزلاردەك ئاتا ـ ئانىسىنى يۆتۈنلەي تاشلىۋەتسە، ئۇلارغا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ نارازى قىلسا ۋە قاقشاتسا، ياشانغاندا ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، تۈرلۈك ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرمىسە، بۇنداق پەرزەنت ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقۇچى ھېسابلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ ۋە بۇنىڭ ھېسابىنى قىيامەتتە چوقۇم بېرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، «چوڭ بولدۇم» دەپلا ئاتا ـ ئانىنى تاشلىۋەتمەسلىك ياكى ئىتائەتسىزلىك قىلىپ نارازى قىلماسلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپلا، پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇلۇپمۇ ئۇلار ياشىنىپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇپ، كىچىككىنە بولسىمۇ كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن قاتتىق چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلاردىن بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ يېنىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا: ۋاي ـ ۋۇي! دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك بولسىمۇ مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان سۆز قىلمىغىن). ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغىمۇ مەرھەمەت قىلغىن،

[1] سۈرە فاتىر، 18 ـ ئايەت.

دېگەن﴾[1]. بۇ ھەقتە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «ئاتا ـ ئانىسى ياشىنىپ قالغانغا قەدەر ئۆمۈر كۆرۈپ تۇرۇپ (ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ، رازىلىقىنى ئېلىپ) جەننەتكە كىرەلمىگەن ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېگەن[2]. بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئاتا ـ ئانىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇپلا قالماي، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ، بولۇپمۇ باللار چوڭ بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئادەم بولغان ۋە ئاتا ـ ئانىسى ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىمدىكى ﴿دىنغا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەرگىز «بىرەر مۇسۇلماننى ياكى مۇسۇلمان پەرزەنتىنى ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقىلار دىنىي ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن ياشاشقا بۇيرۇش ھەققى يوق؛ گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ، ھەركىم ئۆزى خالىغانچە ياشاش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەنلىك بولمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ ئايەت «تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاشقا بولمايدۇ» دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياكى باشقا بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا تەۋسىيە قىلغانلىقى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقانلىقى، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشاشقا چاقىرغانلىقى ھەرگىز دىنغا زورلىغانلىق ئەمەس، بەلكى «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىنى شۇ سالاھىيىتىگە يارىشا ياشاشقا چاقىرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ «ئەمرىمەئرۇف ـ نەھيىمۇنكەر» ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكتۇر.

بۇ دۇنيادا ھەركىمنىڭ مۇئەييەن بىر سالاھىيىتى ۋە كىملىكى بولىدۇ. مۇئەييەن سالاھىيەت ۋە كىملىككە ئىگە بولغان كىشى ئۆزىنىڭ شۇ سالاھىيىتى ۋە كىملىكىگە يارىشا ياشاشقا مەجبۇردۇر. بولمىسا، ئۇ مەزكۇر سالاھىيەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭمۇ ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، «مۇسۇلمانلىق» سالاھىيىتىگە يارىشا ياشاش مەجبۇرىيىتى بار. مۇسۇلمان پېتى ئۆلۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجاندىللىق بىلەن ئورۇنداپ، چەكلىمىلىرىدىن قەتئىي ساقلىنىش ئارقىلىق مۇسۇلمان پېتى ياشاش كېرەك. بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى دىنىي

[1] سۈرە ئىسرا، 23ـــ24 ـ ئايەتلەر.
[2] سەھىھ مۇسلىم، 6603 ـ ھەدىس.

ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاشقا بۇيرۇسا ۋە ھەرقانداق سەۋەب بىلەن بالا ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلمىسا، ھەم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان، ھەم ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقان ھېسابلىنىپ قاتمۇقات گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنى نارازى قىلىپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىم. يەنە بالىلار 18 ياشقا كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا چەكلىمىسىز ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ قالمايدۇ. ھەر ئىنسان بۇ دۇنيادا قانداق ياشىغان بولسا، ئاخىرەتتە شۇنداق ھېساب بېرىدۇ[1]. شۇڭا، ھەرقانداق مۇسۇلمان بۇ دۇنيادا زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى؛ زەررىچىلىك يامان ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ چوقۇم تارتىدىغانلىقىنى[2] زىنھار ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئىسلامدىكى «دىنغا زورلاش يوق» دەيدىغان بۇ پرىنسىپ ھەرگىز ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ئادەمنىڭ ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرمەي، ئىسلامنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنماي، ئۆزى خالىغانچە ياشىسىمۇ «مۇسۇلمان» بولۇۋېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئومۇمەن ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ، خۇسۇسەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقانداق ئېتىقادچىدىن تەلەپ قىلىدىغان بىر قاتار تەلەپلىرى، ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە چەكلىمىلىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى بەزىلەر ئويلىۋالغاندەك پەقەت كۆڭۈلدە بولسىلا بولىدىغان ئىمان ۋە پەلسەپىۋى نەزەرىيەلەردىنلا ئىبارەت بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ يەككە ۋە كوللېكتىپ ھاياتىنى مەركەز قىلىدىغان ئەخلاقىي قىممەت ـ قاراش ۋە قانۇن ـ نىزاملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، «ئى مۇئمىنلەر!» دەپ مۇئمىن مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىماندىن كېيىنلا «سالىھ ئەمەل» تىلغا ئېلىنىپ، ئۆزىنى «مەن مۇئمىن، مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ئىنسانلار مەلۇم ئىشلارغا بۇيرۇلىدۇ ياكى مەلۇم ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ[3]. شۇڭا، مەيلى ئەر ياكى ئايال، ھۆكۈمدار ياكى پۇقرا، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ھەربىر شەخس چوقۇم ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ياشىشى لازىم.

[1] سۈرە نەجم، 39ــ40 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە زەلزەلە، 7 ـ ئايەت.

[3] قۇرئان كەرىمدە ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغا جەمئىي 88 يەردە «ئى مۇئمىنلەر!...» دەپ خىتاب قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر خىتابلاردىن كېيىنلا ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ھەربىر ئىمانلىق كىشى قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىشقا بۇيرۇلغان ياكى قىلماسلىققا تېگىشلىك بىرەر ئىشتىن چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەرلەرمۇ يېزىلغان. شۇڭا، بۇ ھەقتە كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولغانلار مەزكۇر ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلغاي ياكى بىۋاستە قۇرئان كەرىمدىكى «ئى مۇئمىنلەر...» دېگەن چاقىرىق بىلەن باشلانغان ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىگە قارىسىمۇ، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، يەنە نۇرغۇن ئىشلاردىن چەكلەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.



# ئەللامە يۇسۇپ قەرزاۋىينىڭ ھاياتى

«مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

يېڭى زامان ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ غوللۇق مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق فەقىھ، دۇنياۋى ئىسلام دەۋەتچىسى، ھازىرقى زامان ئىسلام جەددىدىزمىنىڭ غوللۇق پېشۋالىرىدىن بىرى، مول مەھسۇلاتلىق ئىسلام ئالىمى ۋە ئەللامىسى يۇسۇف قەرزاۋىي بۈگۈنكى زامان ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە ئىسلامشۇناسلىق ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتقان مۇھىم شەخستۇر.

ئۇنىڭ كۆرەش ۋە ئىزدىنىشكە باي ھاياتى ۋەتىنىمىزدىكى كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەسەرلىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەردار بولۇپ ئۈلگۈرگەن كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ئالدىدىكى بىر قىزىق نۇقتا.

ئەللامە يۇسۇف قەرزاۋىي 1926- يىلى مىسىرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «مەھەللە كۇبرا» ناھىيەسىنىڭ «سەپەتتۇراب» يېزىسىدىكى ئەقىدە - ئىمانلىق، بىلىم سۆيەر، كەمبەغەل يانچى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئابدۇللاھ ۋاپات تېپىپ كەتكەندىن كېيىن، تاغىسىنىڭ تەربىيەسىگە ئۆتكەن. ئۇ، تاغىسىنىڭ قولىدا ياخشى پەرۋىشكە ئېرىشىپ، بەش ياش چېغىدىلا شۇ يەردىكى مەھەللە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىلگەن. تىرىشچان ۋە زېرەك كىچىك يۇسۇف غەيرەت بىلەن ئوقۇپ تېخى ئون ياشقا بارماي

تۇرۇپلا قۇرئان كەرىمنى تولۇق ۋە لاياقەتلىك يادقا ئېلىپ بولغان. ئۇ، شۇ چاغلىرىدىن باشلاپلا قۇرئاننى قىرائەت قىلىشتىكى ئالاھىدە ماھارىتى، ئەقىللىقى، زېرەكلىكى بىلەن ئۆز يېشىدىن ھالقىغان ھالدا ئىززەت - ھۆرمەت تاپقان.

كىچىك تۇرۇپلا مەھەللە مەسجىدىدە ئىمام بولۇپ، يۇرت ئىچىدە «بالا پېشۋا» دەپ داڭق چىققان. ئۇنىڭ يېتىمچىلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۆزگىچە ئائىلە شارائىتى ئۇنىڭ جاپاغا چىدايدىغان، مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان قەيسەر روھقا ئىگە ئادەم بولۇشىغا زور تۈرتكە بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا تەھسىلىنى ئۆز يۇرتىدا تۈگەتكەندىن كېيىن، قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەئنادىكى تولۇقسىز ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە تۆت يىل ئوقۇيدۇ. كېيىن ئۇنىڭ تولۇق ئىنستىتۇتىدا بەش يىل ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىن نېگىزى پەنلىرى «ئۇسۇلۇددىن» پاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇنى 1952 - يىلى پۈتتۈردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كەسپىي ئەرەب تىلى سىنىپىدا ئىككى يىل ئوقۇپ ئىمتىھاندا شۇ چاغدىكى ئۈچ فاكۇلتېتنىڭ 500 ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، ئالىملىق ئۇنۋانى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلىق لاياقەتنامىسىگە ئىگە بولدى.

ئۇ يەنە 1957- يىلى «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى تەشكىلاتى» قارمىقىدىكى ئەرەب تىلى ئالىي تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تىل - ئەدەبىيات پېنى بويىچە ئالىي دىپلومغا ئېرىشىدۇ. ئۇ يەنە بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇسۇلۇددىن فاكۇلتېتىنىڭ ھەدىس، تەپسىرشۇناسلىق ئالىي سىنىپىدا ئوقۇپ، ئۇنى 1960- يىلى غەلىبىلىك پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە زاكات تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە كەم تېپىلىدىغان ئەسەر بولمىش «زاكات توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە» نى يېزىپ چىقىشىغا دەسلەپكى ئاساس بولغان «زاكات ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كرىزىسلارنى ھەل قىلىشتىكى رولى» دېگەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى ياقلاشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، ئىككى يىلدا تاماملاش بەلگىلەنگەن بۇ دىسسېرتاتسىيەسىنى ئۆز قەرەلىدە يېزىپ تاماملىغان بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى مىسىر ۋەزىيىتىنىڭ تىنچ بولالماسلىقى ۋە باشقا سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىشى 13 يىل كەينىگە سۈرۈلۈپ، تاكى 73- يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىرىنچى دەرىجىلىك شەرەپ بىلەن بۇ ئۇنۋانىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇ شۇ مەزگىللەردە تىنىمسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەنلا قالماي، شۇ دەۋر ئەمەلىيىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىسلام تەشۋىق خىزمىتى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە دىنىي تەشۋىقات ۋە ئىسلام ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن دادىل شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇ، بۇ جەرياندا شۇ چاغلاردا مىسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام جامائەسى بولغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»غا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ۋە ئىسلام

تەشۋىقات خىزمىتىدە ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ھەققانىي ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن مىسىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچراپ، بىر ئىنقىلابچىغا خاس كەچۈرمىشلەرنى، بىرقانچە قېتىملاپ قامالىش، تۈرمىگە تاشلىنىشقا ئوخشاش خەتەرلىك قىسمەتلەرنىمۇ باشتىن كەچۈردۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەگرى - توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئوقۇش ھاياتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى دىنىي ئىشلار باشقارمىسىدا خىزمەت قىلدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزھەر قارمىقىدىكى ئىسلام دىنىي ئىدارىسىدە ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىنكى يىللىرى قاتاردىكى بىر دىنىي ئىنستىتۇتقا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇ يەردە مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. ئۇندىن كېيىن يېقىنقى بىر مەزگىلگىچە بولسا، قاتار دۆلەتلىك شەرىئەت ۋە ئىسلام تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ باش مۇدىرلىقىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئۇ ھازىرقى پەيتتە ئۆزى قول سېلىپ قۇرغان سۈننەت ۋە سىيرەت ئۆگىنىش مەركىزىنىڭ باش مۇدىرى، ياۋروپا ئىسلام دىنىي پەتىۋا ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، قاتار پايتەختى دەۋھەدىكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جامەسىنىڭ خەتىبى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن دىنىي، مەدەنىي، ئىلمىي ساھەلەردە رەھبەرلىك، تەشكىلاتچىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن.

ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىك ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ مۇھاكىمە ئىقتىدارىغا تولىمۇ باي ۋە ھازىر جاۋاب، ئويچىل، پىشقان بىر ئالىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىگە خاس ئۆتكۈر نەزىرى ھەمدە كەڭ دائىرىلىك بىلىم جۇغلانمىسى بىلەن تۈرلۈك ئىسلام سورالغۇ (مەسىلە) لىرى بويىچە ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى زامان ئىسلام ئىدېئولوگىيە سېپى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پىكىر ۋە ئاڭ بايلىقى يارىتىپ بەردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقلىق پىكىرلىرى، پىرىنسىپال مەيدانى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلام تەتقىقاتى ساھەسىدە بەلگىلىك يۈكسىلىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىش قىيىن بولغان تۈرلۈك لېكسىيە، ماقالىلىرىدىن سىرت يازغان يىرىك ئەسەرلىرىلا 150 پارچىغا يېتىدۇ. ئۇ، ئىسلام دۇنياسى ۋە خەلقئارادا زور نوپۇز، ئابرۇيغا ئىگە. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى ئون نەچچە قېتىملاپ قايتا نەشر قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە باشقا مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ھەققىدە توختالغانلار

ئۇنى كەم تىپىلىدىغان ئىسلام مۇتەپەككۇرى دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ تۈركۈم ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئالىمغا خاس ئىنچىكىلىك، ئەدىبلەرگە خاس يارقىنلىق، دەۋەتچىگە خاس قىزغىنلىق، مۇتەپەككۇرلارغا خاس تىرەنلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ فىقھى، پەتىۋا ھەمدە ئىجتىھات ئەمەلىيىتىدە سولچىللىق، ئوڭچىللىق خاھىشىدىن بىردەك خالىي بولۇپ، ھەممىدە ئوتتۇراھال يول تۇتقان. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىلمىي ئەمگىكىدە ئەنئەنىۋىلىك بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، بىيىتىش، مەنبەشۇناسلىق بىلەن ئەمەلىيەتچانلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ نۇرغۇن چىگىش ۋە قىيىن بولغان ئىسلام سوراللىرىنى يېشىپ تۇرغۇ (نۇقتا) دىن ئىزاھلاپ شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ھازىرقى زامان سوراللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ ئالالىغان ھەمدە بۇ ساھەدە بۇسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ بىر پىشقان ئىسلام قانۇنشۇناسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاللايدىغان ئىسلام سوراللىرى توغرۇلۇق لايىقىدا جاۋاب بېرىپ شەرق ۋە غەربتىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئارا نوپۇزلۇق قانۇنشۇناس بولۇپ تونۇلدى. ئۇنىڭ مول مەزمۇنلۇق شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ئەرەب ۋە قوشنا ئەل ئوقۇرمەنلىرى سۆيۈپ ئوقۇشماقتا.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلام ئالىمى ۋە ئەدىبىگە خاس پائالىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپ ھەرقايسى چوڭ - كىچىك ئەل - خەلقلەرنى ئارىلاپ چىقىپ، ئۇلار ئىچىدىكى ھەر خىل ئىسلامىي ئېقىم، گۇرۇھلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ چىققان.

ئۇ ئىسلام دۇنياسى ۋە خەلقئارادىكى كۆپلىگەن بىلىم يۇرتلىرىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان.

ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك، جاپالىق خىزمىتى ۋە قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بارا - بارا ئىسلام ئەللىرىدىكى ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر، تەشكىلاتلارنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىغاچ، ئۇ پات - پات مول مىقدارلىق ماددىي مۇكاپاتلار، تەقدىرلەشلەرگىمۇ سازاۋەر بولۇپ تۇرغان...

ئەللامە يۈسۈف قەرزاۋىي 2022 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋاپات بولغان.

بىر ئۆمۈر ئىسلام خىزمىتى ۋە مۇسۇلمانلار غېمى بىلەن ئۆتكەن قەرەداۋىي ھەزرەتلىرىنى ئاللاھ فىردەۋس جەننىتى بىلەن مۇكاپاتلىغاي!

(مەزكۇر تەرجىمھال ئەللامەنىڭ «ئىمان ۋە ھايات» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئېلىندى).



# يېڭى دۇنيا تەسەۋۋۇرى

تاھىرجان ئابباس



بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك قارا كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك! كۈنىمىزدە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كۆپىيىپ كەتكەن تەبىئىي ئاپەت، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى، ئىرقىي كەمسىتىش، يۇقۇملۇق كېسەل، ئىقتىسادىي مونوپوللۇق ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلى، ئىنسانلار بۈگۈنكى دۇنيا نىزام ـ تەرتىپىدىن تامامەن رازى ئەمەس. ھەممە ئادەم دورا يېگەن بىلىقتەك خامۇش، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالدا، ھاياتقا ئۆكۈنۈش ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراپ كەلمەكتە. ياشلار ئارىسىدا دىن ـ ديانەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئىنساب ـ ئادالەت قاتارلىق پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشىغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان بىر زېھنىيەت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، يېڭىلىق» دېگەندەك ئاتالمىش شوئارلار ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان دىققەت نۇقتىسىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ، يېڭى دۇنيا تەرتىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى كۈچلەر ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنى تەقدىم قىلىشتا تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن رول ئالدى. ئۇلار قارا يۈزلىرىنى مەزكۇر ھەيۋەتلىك ئاتالمىش شوئارلار بىلەن پەردازلاپ ئەلگە سۇندى. ھەمدە دېموكراتىك يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئاجايىپ كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، دۇنيادا ئېزىلگەن ۋە بېسىلغان

سىنىپلارنىڭ ئېڭىدا ئىسيانكارلىق ۋولقانى پاتلاتتى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا شەرقتە ئەرەب باھارى قوزغىلىپ، مىليونلىغان خەلقنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلغان بولسا، قانچىلىغان ئىسلام مەدەنىي مىراسلىرىمىز ۋەيران بولۇپ خارابىلىققا ئايلاندى. بۇنىڭغا قانائەت قىلمىغان ئىمپېرىيالىستلار «ئىشىد» نامىدا پۈتۈن دۇنيادىكى ئوت يۈرەك مۇجاھىدلارنى شام زېمىنىغا چىللاپ، ئۆزئارا جىدەلگە سېلىپ، يىراقتىن چىققۇچە تاماشا قىلدى.

سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق ئەۋج ئالغان بۈگۈنكى كۈندە، ھەممە ئادەم پەرىشان ۋە پاراكەندە، ھەممە ئادەم ئەنە شۇ سېھىرلىك «يېڭى دۇنيا» ھەققىدە پىچىرلىشىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، كۆزلىرى تۇمانلىشىپ، يۈرىكى ھاياجانغا تولغان ياشلار سۇ ئىزدەۋاتقان بېلىقتەك تىپىرلاپ، يول ئىزدەۋاتىدۇ، بارلىق ئىشىكتىن كىرىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تىپىرلاشلىرى بارا - بارا ئۇلارنى پۈتۈن قىممەت قاراش ۋە مۇقەددەساتلىرىنى بىر- بىرلەپ سۇيۇرۇپ تاشلاشتەك خاھىش تەرەپكە بۇراپ كېتىۋاتىدۇ.

يېڭى دۇنيا تەرتىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى بۇ كۈچلەر بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سېنارىيەسىنى ئۆز مۇددىئاسىغا كۆرە ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى كۆرۈنۈشنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ يەر شارى خاراكتېرلىك «كوۋىد 19» تىپلىق ۋىرۇس باھانىسى بىلەن، دۇنيا بويىچە ياشانغانلارنى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى[1]. گەرچە، يېقىندا بۇ ۋىرۇسنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈش قانۇن لايىھەسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ماقۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا چوڭ ئىمپېرىيالىست دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئويۇنىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار پىلانلىغان ئىككىنچى يۈز يىللىق يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئاساسلىق نىشانى دۇنيا نوپۇسىنى تىزگىنلەپ[2]، ئىنسانلارنى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق كونترول قىلىش ۋە كرىپتولاشقان[3] ئىقتىسادىي كاپىتال يارىتىپ، ئىنسانلارنى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنى بىر مەركىزىي ئاپپاراتقا باغلاپ، كونتروللۇق باشقۇرۇش سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت[4].

[1] بىر قىسىم مۇستەقىل تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، كورونا 19 تىپلىك ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان 60 ياشتىن ئاشقان بىمارلارنىڭ ۋاپات بولۇش نىسبىتى 60 ياشتىن تۆۋەن ياشتىكى ۋاپات بولغۇچىلارغا قارىغاندا تولىمۇ يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىگەن.

[2] ئۇلار «دۇنيادا 5 مىلياردقا قەدەر ئىنسان نورمال ياشىيالايدۇ، 5 مىلياتتىن ئېشىپ كەتسە، دۇنيادا ئېكولوگىيەلىك بۇلغىنىش ۋە غىزا تەمىنات كىرزىسى كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن ئىدىيە بويىچە بۈندىن كېيىنكى ئىككىنچى يۈز يىللىق يېڭى دۇنيا تەرتىپىدە ئۇرۇش، سۈنئىي ئاپەتلەر ۋە ھەر خىل كىرىزىس پەيدا قىلىپ، دۇنيا نوپۇسىنى ئاز دېگەندە 5 مىلياردقا چۈشۈرۈپ، كونترول قىلىشتەك پىلان - پىروجە بىلەن ھەرىكەت قىلماقتا.

[3] كرىپتو پۇل - مەۋھۇم پۇل، يەنى سان - سىمۋوللار بىلەن شىفىرلاشتۇرۇلغان پۇل بىرلىكى بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەر ئۆزىنىڭ ھېسابات ئۇچۇرلىرىنى كودقا ئايلاندۇرىدۇ، يەنى بېنىدا نورمال پورتمال ئەمەس، بەلكى مەۋھۇم ھەميان ساقلايدۇ. ئۇلار كود ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ھېساب - كىتاب ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

[4] بۇ سىستېمىنى تۈنجى قىلىپ شىۋىتسىيەدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. شۇڭا، يېقىندىن بېرى شىۋىتسىيەدە نۇرغۇن ئادەم ئۆزلىرىگە **chips** (چىپس) تاقاپ، كىملىك كارتى، بانكا كارتى ۋە

بۇ خىل يېڭى دۇنيا فانتازىيەلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئالدىنىپ كەتكەن ياشلار، ئىمپېرىيالىستلارنىڭ يېڭى دۇنيا نەزەرىيەسىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شېرىن خىيال چۈشلىرىدە يېڭى دۇنيا، يېڭى ئىدىيە، يېڭى سىستېما، يېڭى جەمئىيەت، يېڭى ئىدارە ۋە يېڭىچە سىياسەت ـ دەپ جۆيلەپ قوپۇپ كېتىدىغان ھالغا بېرىپ يەتتى. شۇنىڭدەك، يەنە ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي دىنامىكىلىرىغا، دىنىي ئېتىقادىغا ۋە مىللىي قىممەت قاراشلىرىغا يات، ئىسيانكار رومان، سېنارىيە ۋە نەشىر ئەپكارلىرىنى تارقىتىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئازغۇن ئىنسانلار كىرىزىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بۇ تۈر ئىنسانلار ئاتا ـ ئەجدادىنىڭ مىڭ نەچچە يىللىق ئېتىقادى ۋە مىللىي قىممەت قاراشلىرىنى بۇزۇپ، خاراب قىلىشقا قارار قىلغاندەك تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار شۇنىڭدىن غاپىلكى، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتمەكچى بولغىنى يا بىر ماشىنا، ياكى كىيىم ـ كېچەك ياكى ئۆيۋاق ئەمەس... ئەكسىچە، ئون نەچچە ئەسىردىن بېرى مىللەتنىڭ جېنى ۋە قېنى بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پۈتۈنلىشىپ كەتكەن مەنە ۋە مەزمۇندىن ئىبارەت بىر پۈتۈن قىممەت قاراشتۇر.

ئەسلىدە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان ئىمپېرىيالىستلار ئەينى ۋاقىتتا، دۇنيا خەرىتىسىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى غەرىزى ۋە مۇددىئاسىغا كۆرە شەكىللەندۈرۈپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سىزىقلىرىنى ئېنىقسىز نىزا ۋە دە ـ تالاشقا تاشلاپ قويغان. ئۇلار بۇنى نۆۋەتتە كەلگەندە، ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كوزىر قىلىپ ئىشلىتىپ كەلدى. شۇنىڭدەك، ئۆز ۋاقتىدا ئافرىقا، ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ ئېرىشكەن ماددىي بويۇملىرى بىلەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى پەش قىلىپ، ئەرەب قولتۇقى ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفت بايلىقى مول دۆلەتلەرگە تەھدىت قىلىپ، نېفت تەقسىماتىنى شىرنىڭ تەقسىماتى بويىچە تەقسىم قىلدى ۋە بۇ خۇسۇستا ئۆزلىرىگە كامىل چاكارلىق قىلمىغان ئىراق ۋە لىۋىيەگە ئوخشاش دۆلەت رەئىسلىرىنى ئۆز خەلقىگە تالىتىپ، بىرىنى دارغا ئاسقان بولسا يەنە بىرىنى ئازگالدا بوغۇپ نابۇت قىلدى. يەنە بەزىلىرىنى تۈرلۈك تەھدىتكار سىياسىي ئويۇنلىرى بىلەن قورقۇتۇپ، دۇنيانىڭ ھاكىمىيەت مەركىزىنىڭ غەرب ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا سىياسىتىنى پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئاساسى ئۈستىگە دەسسىتىپ كەلدى.

دېمەك، غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسىي ئىدېئولوگىيەسى ئاساسەن مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلار مەنپەئەت چىقمىسا ياكى سىياسىي ئويۇنلىرىغا ۋە

ئاچقۇچ قاتارلىق نەرسە كېرەكلەرنى چىپس ئارقىلىق ئىشلىتىدىغان ھالغا ئۆتتى. بۇ خىل سىستېما ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە تەجرىبە قىلىنىپ، ئاندىن باشقا دۆلەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغانلىقى پەرز قىلىنماقتا.

ئىدېئولوگىيە پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمىسە، ھېچقانداق بىر مىللەت ۋە دۆلەتكە يارىدەم قولىنى سۇنمايدۇ. مەسىلەن، جەنۇبىي سۇداننىڭ كۆپ سانلىق ئاھالىسى خىرىستىيان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر نەچچە يىل قورال بىلەن تەمىنلەپ، 2011 ـ يىلىغا كەلگەندە سۇداندىن ئايرىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدەك، شەرقىي تىمور خىرىستىيانلىرىنىمۇ ھىندونېزىيەدىن ئايرىپ 2002 ـ يىلى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ بەردى. ئەمما، 1948 ـ يىلى ئىشغال قىلىنغان پەلەستىن زېمىنىدە تېخىچە تىنچلىق ئورنىتىلمىدى، ئەكسىچە ھەر كۈنى تاجاۋۇزچى ئىسرائىل رېجىمى نۇرغۇن بىگۇناھ پەلەستىن خەلقىنى شەھىد قىلدى ۋە ھازىرمۇ شەھىد قىلىۋاتىدۇ. ئۆيلىرىنى تارتىۋېلىپ يۇرت ـ ماكانسىز قالدۇردى ۋە قالدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزلۇق ھەرىكىتىگە غەرب دۇنياسىدىن قۇرۇق نارازىلىقتىن باشقا بىر كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈلمىدى.

ئەسلىدە، غەرب ئەللىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە زورلاۋاتقانلىقى كۆنمىزدىكى مەدەنىي دۇنيادىمۇ تېخىچە توختاپ قالغىنى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تاجاۋۇزچىلىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىدىن تامامەن پەرقلىق ھالدا داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا، ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى ھەربىي يۈرۈش بىلەن كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى، ئەركىنلىك دېگەندەك ئىنسانپەرۋەرلىك پەردىسى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىپ، يۇمشاق ئۇسلۇب بىلەن كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزلىرىگە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە پاناھلىق بېرىپ، ئۆيلۇق ۋە ئىقتىسادىي راسخوتلار بىلەن تەمىنلەپ غەمخورلۇق قىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ سېخىيلىقى تۈپەيلى قالغانلىقى، ياكى ئۇ خەلق ۋە مىللەتلەرگە ئىچ ئاغرىتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىدېئولوگىيەسى ۋە سىياسىي پىرىنسىپىغا مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت قالتىس پىلان ۋە پروگراممىلىرى تەقەززا قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق پاناھلانغۇچىلارنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە قارا تايانچ كۈچ قىلىپ ئىشلىتىدۇ، ئىككىنچى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىغان سىياسىي مەقسىتىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ، ئۈچىنچى قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئۆزگەرتىپ ئۆز مىللىتى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باشقا مىللەتتىن ئۆزىگە ئەگەشمىگىچە ھەرگىز رازى بولمايدۇ[1]. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي مەندە ئىنسانپەرۋەر بولغان بولسا ئىدى، ئافغانىستان، ئىراق، سۈرىيە ۋە مىسىر خەلقى قان يىغلىمىغان بولاتتى. بولۇپمۇ، پەلەستىن قايناۋاتقان بىر قازان، شەرقىي تۈركىستان زېمىنى بولسا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يالقۇن تاغقا ئايلانمىغان بولاتتى.

[1] «سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ». سۈرە بەقەرە، 120 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئەخلاققا، پىرىنسىپقا قاراپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياستى ۋاقىت، شارائىت ۋە ماكانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سىياسەتتە خۇددى پەسىللىك كىيىم ئالماشتۇرغاندەك، ياكى بىر دۇملاپلا تېرە تاشلايدىغان يىلاندەك يېڭى چىراي ۋە يېڭى كىملىكلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دېتىغا ياقمايدىغان دۆلەت رەھبەرلىرىنى دىكتاتورلۇق ياكى يولسىزلىقلار بىلەن ئەيىبلەپ خەلق بىلەن دۆلەت قاتلىمىدىكى رەھبەرلەر ئارىسىنى ئېچىپ، قاتمال ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈپ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، بەزى دۆلەتلەردە تېررور ۋەقەلىرىنى قەستەن سادىر قىلىپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا زورۇقۇپ كىرىپ، تىنچلىق ئەلچىلىرىدەك قىياپەتتە توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدۇ. ھەمدە ئىنسانپەرۋەرلىك نىقابلىرى بىلەن ئەپسۇنكار تەلقىنلىرىنى ئوقۇپ، شەيتانىي ھەرىكەت ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋە قالايمىقانچىلىقتا ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز ئويۇن ئوينايدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، غەرب مىڭ يىلدىن بېرى شەرقنىڭ قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنى تەن ئالماي كەلدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ تەن ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت كۈچكە ۋە تەبىئىي تاللاشقا ئىشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات پەلسەپىسى ئەزەلدىن مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، كۈچى يەتكەن ھامان ئېزىدۇ، كۈچى يەتمىسە پۇرسەت كۈتىدۇ. ئۇلار ھاياتنى تەبىئىي كۈچ دەپ قارايدۇ، ئاجىزلارنى سىقىپ سۈتىنى ئىچىدىغان پادىدەك كۆرىدۇ. ئۇلار رەھىمسىز ۋە قانخوردۇر. بۇنداق دېيىشىمدە، ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان شاھزادە **harry** يېقىندا تېخى ئۆزىنىڭ يېڭى نەشر قىلماقچى بولغان «**Spare**» (زاپاس) ناملىق كىتابىدا، ئەينى ۋاقىتتا ئافغانىستاندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا 25 ئافغاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ھەمدە بۇنىڭدىن ئەپسۇسلانمايدىغانلىقىنى يازغان. مانا بۇ غەرب ئەللىرىنىڭ تەبىئىتى، ئەمەلىيەتتىمۇ غەرب ئەللىرى ئامېرىكا باشچىلىقىدا 20 يىلدىن بېرى ئافغانىستان ۋە ئىراقتا قانچە مىليون ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولمىدى، قانچە مىليون ئىنساننىڭ يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا ئەللەردە مۇساپىر بولۇشىغا سەۋەب بولمىدى؟ ئۇلار ماددىي مەنپەئەت ئالدىدا قىلچە تەرەددۇت قىلمايدۇ، مەنپەئەت ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانلارنى ئوتقا تاشلاشتىن يانمايدۇ. ئۇلار ئىنتايىن زالىم، تاجاۋۇزچى ۋە تامامەن پراگماتىستۇر.

مەنپەئەتچىلىك نەزەرىيەسى ئەسلىدە غەرب دۇنياسىدىلا ئەمەس كۈنىمىزدە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئورتاق پىسخىكا بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ دۆلەتلەر مەنپەئەت مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئانا مەنپەئەتىنى

ئالدىنقى پىلانغا قويىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال، ئەمما بۇنى زۇلۇم، قان، ئادالەتسىزلىك ۋە پۈتۈن ئىنسانىي قىممەت قاراشلارنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىش ئىنسانىي پەزىلەتتىن چەتنەپ كەتكەن غەيرى ئەخلاق ناكەسلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى مۇسۇلمان دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ زېھنىيىتىمۇ ئوخشاشلا مەركۇر سىستېمىغا مىخلىنىپ كەتكەن. ئۇلار مەنپەئەت ئۈچۈنلا زۇلۇم كۆرگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدا ئەمەس قارشىسىدا تۇرۇپ كەلمەكتە. ھەتتا، قان بېغى بىر بولغان قېرىنداشلارمۇ ئوخشاشلا «مېنى چاقمىغان يىلان مىڭ يىل ياشىسۇن!» دېگەن قاراشتا، «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، يولۇڭغا ماڭ» دېگەن مەنتىق بويىچە، ئۆزىنىڭ مەزلۇم قېرىنداشلىرىنىڭ تەرىپىدە ئەمەس زالىمغا يانتاياق بولۇپ كەلمەكتە. ئەمما، زۇلۇمغا قارشى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇنداق پىراگماتىك پاسسىپ پوزىتسىيەدە بولۇش بىز ئۇيغۇر خەلقىنىلا ئەمەس پۈتۈن مەزلۇم مىللەتلەرنى ئازابلايدۇ ۋە چارىسىزلىك بىلەن قىينايدۇ.

ئۆتكەن ئەسىردىكى خەلقئارا تەرتىپ ۋە ئۈستۈنلۈك تۇقۇنۇشى كاپىتالىزم لاگېرى بىلەن سوتسىيالىزم لاگېرى، يەنى ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەركەز قىلغان ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر توقۇنۇشى ئىدى. يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان بۇ توقۇنۇش 1991 ـ يىلغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن بىر مەھەل تەسكىن تاپقان بولدى. لېكىن، 1999 ـ يىللىرىدىن باشلاپ رۇسىيە باش مىنىستىرى ۋە جۇمھۇر رەئىسى بولۇپ كەلگەن ۋىلادىمىر پۇتىن، ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق رەئىسلىك ھاياتىدا رۇسىيەنى بۇرۇنقىدەك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىشقا كۆچەپ كەلدى. بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا ختاي رېجىممۇ جىم ياتمىدى. 40 يىلدىن بېرى پۈتۈن ۋاسىتىلارنى ئىشلىتىپ، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە ھەربىي ساھەدە كۆپ تەرەققىي قىلدى ۋە بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دۇنيادىكى ئىككىنچى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ بولۇپ مەيدانغا چىقتى[1].

بۇ سەۋەبلىك كۈنىمىزدە، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى كۈچىيىپ، «ئىككىنچى يۈز يىللىق يېڭى دۇنيا تەرتىپ» توقۇنۇشى قايتىدىن قوزغالدى. گەرچە، خەلقئارا تەرتىپنى تۇرغۇزۇش كۈرىشى ئوخشىمىغان قۇتۇپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپ شەكىللەنگەن بولسىمۇ،

[1] 80 ـ يىللاردا دېڭ شياۋ پىڭنىڭ «سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى» بىلەن باشلانغان ختايدىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ماسلاشقان غەرب دۆلەتلىرى، ئەسلىدە ختاي كوممۇنىست رېجىمىنى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە، ختايغا قارىتا تىجارەت ساھەسىنى كەڭرى ئېچىۋەتكەن ئىدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن ختاي رېجىمى قىرىق يىلدىن بېرى پۈتۈن ۋاسىتىلارنى ئىشلىتىپ، ئىقتىساد، پەن ـ تەرەققىيات ۋە ھەربىي ساھەدە كۆپ تەرەققىي قىلدى ۋە بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دۇنيادىكى ئىككىنچى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ بولۇپ مەيدانغا چىقتى.

ئەمما يىقىندا ئامېرىكىدىكى خەلقئارالىق تاراتقۇلاردىن «قۇرۇلۇش گۇرۇھى» تورىدا ئېلان قىلىنغان «شى جىنپىڭنىڭ دۇنيا تەرتىپى ئىدىيەسى» ناملىق ماقالىدە، خىتاينىڭ خىتايچە دېموكراتىيە ئارقىلىق يېڭى دۇنيا تەرتىپى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ تەشەببۇس ئالدىدا ئاجىز كېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ۋە دۇنيانىڭ سىياسىي يۈزلىنىشىنى كونترول قىلالمايۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن[1]. ئەمەلىيەتتىمۇ، خىتاينىڭ لاتىن ئامېرىكىسى، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقا قاتارلىق جۇغراپىيەلەردىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى، ھەتتا رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئارىسىدىكى ئۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن تەكلىپ لايىھەسى سۇنۇشى، سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران ئارىسىنى كېلىشتۈرۈشتەك بىر قاتار خەلقئارالىق مەسىلىلەردە يادرولۇق رول ئېلىشى خىتاينىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتنى بەلگىلەشتىكى رولىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەسلىدە، غەرب دۇنياسى خىتاينىڭ ئۆۋسىنىڭ چۈۋۈلۈپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار خىتايغا قارشى بىۋاستە ئۇرۇش ئاچمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇش سەۋەبلىك خىتاينىڭ ئۆۋسى چۈۋۈلۈپ كەتسە، دۇنيادا كۆچمەنلەر كرىزىسى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ زور تالاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بۇرۇندىن تارتىپ خىتاينى تىنچ يول بىلەن پارچىلاش ياكى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشكە كۈچەپ كەلگەن. لېكىن، دۇنيا تىجارىتىنىڭ ئاز دېگەندە 40%نى ئۆزىگە قارىتىۋالغان خىتاي بۇنىڭغا بوي ئەگمەي تىركىشىپ كەلمەكتە، ھەتتا قوناق ۋە بۇغداي قاتارلىق ئاشلىق زاپىسىنى مونوپول قىلىپ، پۈتۈن دۇنيادا ئاشلىق باھاسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئىگىلىنىشچە، خىتاي ئۆتكەن بىر نەچچە يىل ئىچىدە دۇنيا ئاشلىق زاپىسىنىڭ 50 %تىن كۆپ قىسمىنى يىغىۋالغانلىقى مەلۇم بولماقتا. خىتاينىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىدىن تېخىمۇ چۆچىگەن غەرب دۇنياسى، خىتاينى ئۆز ئىچىدىن پارچىلاپ ئۆزگەرتىش پىلانى بويىچە ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. ئۇلار بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئالدى بىلەن بىزگە ئوخشاش خىتاينىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغان، زۇلۇم كۆرۈپ، غەزەپ - نەپرىتى تاشقان مىللەت ۋە خەلقلەرنى قوللاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە يېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ بىزگە نىسبەتەن يېڭى دۇنيا تەرتىپىگە ماس ھالدا قايتا تىرىلىشىمىزنىڭ بېشارەتچىسى، بولۇپمۇ تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم ئالتۇن تەخسىدە سۇنۇلغان ئالتۇن پۇرسەت. لېكىن، شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، ئەگەر خىتاي ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارادىكى ئىمتىياز ئۈستۈنلۈكىدىن ۋاز كېچىپ، غەربكە تەھدىت شەكىللەندۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، غەرب يەنە بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلامدۇ؟ ياكى بۇرۇنقىدەك تېررورىست ئېلان قىلىپ، خىتايغا ساتامدۇ؟ بۇنى ۋاقىت بەلگىلەيدۇ!...

[1] ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ 2023 - يىلى 4 - ئاپرېل خەۋىرى.



# جامائەتلىشىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ئا. ئۇچقۇن ھاجى ئەمچى



بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الخلق والمبعوث رحمة للعالمين وعلى آله وأصحبه أجمين أما بعد.

ئاللاھ تائالا سۈرە تەۋبىنىڭ 119 ـ ئايىتىدە: ﴿يا أيها الذين آمنوا اتقوا الله وكونوا مع الصادقين﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە (سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە) راستچىل كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇڭلار﴾ دەپ بۇيرۇغان.

بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر كەسكىن بۇيرۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان كىشى كامىل مۇئمىن بولمايدۇ». ئايەتنىڭ مەنىسى: ئەگەر سىلەر ئىمانىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، تەقۋالىق دېگەن ئالى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىپ، ھەر مىنۇت ۋە ھەر سېكۇنت ئاللاھنى ئۆز ئۈستۈڭلاردا ھازىر ۋە نازىر بىلىپ، ئۇنىڭدىن قورققان ھالەتتە ياشاڭلار، شۇنداقلا سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە راستچىل كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇڭلار، يەنى جامائەت بولۇڭلار دېگەن بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەتتىكى ئىمان، تەقۋالىق ۋە راستچىل كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇش دېگەندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ سۈپەت بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، مۇئمىنلارغا قارىتىلغان كەسكىن بۇيرۇق؛ جامائەتلىشىشكە بولغان كەسكىن بۇيرۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، جامائەتلەشمىگەن

بىر جەمئىيەتنى كامىل مۇئمىن جەمئىيەت دېگىلى بولمايدۇ.

يەنە ئاللاھ تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ 43 ـ ئايىتىدە: ﴿أقيموا الصلاة وآتوا الزكاة واركعوا مع الراكعين﴾ «نامازنى ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە رۇكۇ قىلىڭلار» دەپ، كەسكىن بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازغا 27 ھەسسە كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

سۈرە ئالى ئىمراننىڭ 104 ـ ئايىتىدە: ﴿ولتكن منكم أمة يدعون إلى الخير ويأمرون بالمعروف وينهون عن المنكر و أولئك هم المفلحون﴾ «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ياخشىلىققا چاقىرىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامانلىقلاردىن توسىدىغان بىر گۇرۇپ كىشىلەر (جامائەت) بولسۇن، ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەر دۇر.» بۇمۇ يەنە بىر كەسكىن بۇيرۇقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن بىرىنچى قىلغان ئىشى مۇئمىنلەرنى دارۇلئەرقەمگە يىغىپ جامائەت شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يد الله مع الجماعة» دېگەن سۆزى ئارقىلىق جامائەت بولغان ۋە توغرا يولدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئەڭ لايىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لايجمع أمتي على الضلالة» «مېنىڭ ئۈممىتىم ئازغۇنلۇق ئۈستىگە جۇغلاشمايدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن (بىر جامائەت بولغان كىشىلەر ئېزىپ كەتمەيدۇ) دېگەننى مەقسەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلىگە كىرىشنى خالىسا، جامائەت بىلەن بىرگە بولسۇن. چۈنكى، شەيتان ھەر ۋاقىت يالغۇز قالغانلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، بىر كىشىگە قارىغاندا ئىككى كىشىدىن بەكرەك يىراق تۇرىدۇ» دېگەن.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ثلاث لا يغل عليهن قلب مسلم؛ إخلاص العمل لله تعالى ومناصحة ولاة الأمر ولزوم جماعة المسلمين» «مۇسۇلمان كىشىدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىسلەت تېپىلسا، قەلبى خىيانەتتىن خالىي بولىدۇ. ئۇلار: ھەرقانداق ئەمەلنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىش، ئىش ئۈستىدىكىلەرگە نەسىھەت قىلىش، جامائەت بىلەن بىرگە بولۇش» دېگەن.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا چوڭ بىر خۇش خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «لايزال من أمتي أمة قائمة بأمر الله، لا يضرهم من خذلهم ولا من خالفهم، حتى يأتي أمر الله وهم على ذلك» «ئۈممىتىم ئىچىدە قىيامەت قائىم بولغانغا قەدەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان بىر جامائەت

ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئۇلارغا نە تاشلىۋەتكۈچىلەر، نە قارشى چىققۇچىلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا» «مۇئمىن مۇئمىن ئۈچۈن بىر بىناغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ» دېگەن سۆزى ئارقىلىق، ئەگەر ئۇلار بىر پۈتۈن بىناغا ئوخشاش بولالمىسا ئاجىز بولۇپ قالىدۇ، دېگەنگە ئىشارەت قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى مۇئمىن-مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «جامائەت» دېگەندىن ئىبارەت بىر «بىرلىك» نىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى قاتتىق تەقەززا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئارقىلىق ئىزاھلىغان:

«إِنَّهُ لَا إِسْلَامَ إِلَّا بِجَمَاعَةٍ، وَلَا جَمَاعَةَ إِلَّا بِإِمَارَةٍ، وَلَا إِمَارَةَ إِلَّا بِطَاعَةٍ، فَمَنْ سَوَّدَهُ قَوْمُهُ عَلَى الْفِقْهِ، كَانَ حَيَاةً لَهُ وَلَهُمْ، وَمَنْ سَوَّدَهُ قَوْمُهُ عَلَى غَيْرِ فِقْهٍ، كَانَ هَلَاكًا لَهُ وَلَهُمْ» «جامائەتسىز ئىسلام بولمايدۇ، ئەمىرسىز جامائەت بولمايدۇ، ئىتائەتسىز ئەمىر بولمايدۇ. قانداق بىر كىشىنى قەۋمى ئىلىمگە قاراپ ئۆزىگە باشلىق سايلىسا، ئۇ كىشىمۇ ياشايدۇ، خەلقىمۇ ياشىنىدۇ؛ قانداق بىر كىشىنى قەۋمى ئىلىمگە قارىماستىن باشلىق سايلىسا، ئۇ كىشىمۇ ۋە خەلقىمۇ ھالاك بولىدۇ».

بۇيەردىكى ئەمىر ياكى ئىمارەتتىن مەقسەت جامائەتنىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرغۇچى يولباشچى، رەھبەر بولۇپ، ئۇ ئاشۇ جامائەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىلەر بويىچە يۈرۈشتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. جامائەتنىڭ ئامانلىقى، سالامەتلىكى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق مەركىزىي ئورگان بولمىسا، جامائەت ئىچىدە چۇۋالچاقلىق ئورۇن ئالىدۇ. ھەممە ئىش ئالدى-كەينىگە بولۇپ، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

جامائەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق ۋە پارچىلىنىش يۈز بەرسە، ئاللاھنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىدىن يىراقلىشىش ئەھۋالى بارلىققا كېلىدۇ. ئاخىرقى نەتىجىدە، ھەقىقىي توغرا ئىسلام دىنىدىنمۇ ئۇزاقلىشىش كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ مەۋجۇت بولۇشى جامائەتكە، جامائەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەمىرگە (رەھبەرگە) ۋە ئەمىرنىڭ داۋام قىلىشى ئىتائەتكە باغلىق.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە دىن، ئەقىدە-ئىمان، قانۇن-تۈزۈم، يولباشچى ھەممىدە رەھمەت دىنى قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. يەنە كېلىپ، ئۇ بىر نەزەرىيىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە مۇكەممەل ھايات تۈزۈمىگە چاقىرىدىغان، ئىنسانلارنى ھەم دۇنيالىق ھەممىدە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن توختاۋسىز ھەرىكەت

قىلىشقا ۋە ھەرخىل كۆرەشلەرگە چاقىرىدىغان بىر «دىن» (ھايات يولى دۇر).

ئەگەر بىز بۇ ھەقتە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنى يەكۈنلەيدىغان بولساق، مەزكۇر خىزمەتلەرنى تولۇق ئورۇنلاش پەقەت ئىسلامىي جامائەت تەشكىل قىلىش ۋە جامائەتكە باغلىنىش ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان جامائەتتىن ئايرىلىپ قالسا قەتئىي بولمايدۇ. گەرچە، «جامائەت» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار ئاتالغۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىزدىكى ئوقۇمى پەقەت مەسچىتتىكى جامائەت بىلەنلا چەكلىنىدۇ. چۈنكى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك مانجۇ ئىستىلاسىدىن باشلىغان 255 يىللىق تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، 1865-يىلىدىن1877-يىلىغىچە 12 يىل داۋام قىلغان ياقۇپبەگ بەدۆلەت ھاكىمىيىتى، 1933-يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن 1944-قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق قىسقا مۇددەتلىك ھاكىمىيەتلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزنىڭ 237 يىللىق تارىخىمىز باشقىلارنىڭ ئىستىلاسى ئاستىدا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، شەرت - شارائىت بىزگە ئاشۇنچىلىك ئوقۇمنىلا ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. دېمەك، بىزنىڭ يېقىنقى تارىخىمىزدا تۈركىيەدىكىگە ئوخشاش ھەم دىنىي ھەم مىللىي پايدا-مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ھالدا يىلتىز تارتقان زەنجىرسىمان ھالدىكى جامائەتچىلىك يىلتىز تارتىپ باقمىغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بىزدىكى جامائەتچىلىك ئېڭى ۋە جامائەتكە باغلىنىش روھى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ كەلمەكتە.

تۈركلەردە جامائەتلىشىش ۋە بىرەر جامائەتكە باغلىنىش روھى بەك ئۈستۈن بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ روھ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتىدىن كەلگەن. تۈركلەردىكى ئاشۇ روھ ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ 600 نەچچە يىل داۋام قىلىشىغا ۋە ھەتتا تۈركىيەنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ بولسىمۇ ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. مانا ھازىر تۈركىيەدە سۇلايمانچىلار، نۇرچىلار، ئىسمائىل ئاغا جامائىتى (مەھمۇت ئەپەندى جامائىتى) دېگەنگە ئوخشىغان نۇرغۇن جامائەتلەر بار ئىكەن. گەرچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ھەر خىل پىتنە- پاساتلار ۋە ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولسىمۇ، بىزنىڭ ھازىرقى جامائەتسىز ۋە چۇۋالچاق ھالىمىزدىن نەچچە ھەسسە ياخشى ئىكەن. چۈنكى، ھەربىر كىشى بىرەر جامائەتكە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ جامائەت ئۇ كىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى نۇرغۇن يامانلىقلاردىن توسۇپ قالالايدىكەن؛ بولۇپمۇ، ياش- ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە بەك چوڭ رول ئوينايدىكەن.

دېمەك، بىز كۆزگە ئېلىنغان ئاشۇ جامائەتلەر تۈركلەرنىڭ باشقىلارنىڭ يۇرتىنى ئۆزلىرىگە يۇرت قىلىپ ياشىشىغا سەۋەبچى بولغان بولسا، بىزدىكى جامائەتسىزلىك ھازىرقى خار ۋە زەبۇن ھالىتىمىزگە سەۋەبچى بولماقتا. گەرچە،

بىزدىمۇ سوپىزملىق ئېتىقاد بويىچە جامائەتلىشىش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن سۈيئىستېمال قىلىنغان ۋە توغرا يۆنىلىشتە يېتىز تارتالمىغان.

بىزدىكى تەشكىللاتچىلىق روھىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز بولۇشىنى تەبئىي ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، مائارىپ سىستېمىسى قولىمىزدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەخپىي مەدرىسەلەردىكى تەلىم-تەربىيە خىزمىتىگە تەشكىللاتچىلىق ھەققىدىكى دەرسلەرنى كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇستازلىرىمىزمۇ تەشكىللاتچىلىق روھى، مىللىي روھ بىلەن يېتىلمىگەچكە ئۆزىدە يوق روھنى تەبئىيلا بىزدە يېتىلدۈرەلمەيتتى.

ئەسلىدە، تەشكىللاتچىلىق روھى، جامائەتچىلىك روھى دېگەن مۇنتىزىم تەربىيە خاراكتېرلىك دەرسلەر ئارقىلىق كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا بالىلارنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈلگەندە ۋە ئەمەلىي ھاياتىدا ئىجرا قىلغاندا ئاندىن يېتىشىدىغان بولۇپ، بىزدە ئۇنداق ئىمكانىيەتلەر كەم بولغان ياكى ھېچ بولمىغان. تۈركىيە زېمىنلىرىدا مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ روھ مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەۋلادلار بىر تەرەپتىن مۇنتىزىم تەربىيە كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ روھ بىلەن ياشاپ چوڭ بولغان. بىزدە ئۇنداق شەرت- شارائىت بولمىغاچ تەربىيەلىنىشىمىز كەمتۈك بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنداق روھ بىلەن ياشاپ چوڭ بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەدىر- قىممىتىنى بىلىدىغان ئاڭ- سەۋىيەمۇ يېتىلمىگەن.

ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئاتا - بوۋىمىزدىن باشلاپ جامائەتچىلىكتىن يىراق ياشاپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى كەچۈرەر دېگەن ئۈمىدتە ھازىرقى چۇۋالچاق ھاياتىمىزنى داۋام قىلامدۇق ياكى ھامان بىر كۈنى مۇستەقىل بولىمىز دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭ بىرىنچى شەرتى بولغان جامائەت قۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتەمدۇق؟

مانا ھازىر ئاللاھ تائالا نەچچە مىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى مۇشۇ تۈركىيەدە جەم قىلدى ۋە بىزگە ئاشۇنداق ئۇزاقنى كۆزلىگەن پىلانلىق ھالدىكى جامائەت بەرپا قىلىش شەرت- شارائىتلىرىنىمۇ ئاتا قىلدى. ئەگەر بىز بۇ پۇرسەتلەرنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىمىزدە ئاشۇنداق كۈچلۈك جامائەت روھىنى يېتىلدۈرسەك، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، ئىنشائاللاھ.

—— داۋامى كېيىنكى ساندا...



# قىز - يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان

دوكتۇر ئابدۇكېرىم بەككار
ئابدۇمجىت مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى



## 41 ـ گۈلخان

ياخشىلىققا بولغان ئىنتىلىشىڭلار چەكسىز بولسۇن!

دانالار مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا بىراۋنى چوڭقۇر چۈشىنەي دېسەڭ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا، نېمىلەرگە ئىنتىلىدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى ئالقىشلاپ، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىغا قارىغىن. ئەگەر ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى، ئىنتىلىشلىرى پەقەت شەخسىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك ئەرزىمەس ئىشلارلار بولسا، دېمەك ئۇ ئەرزىمەس ئادەمدۇر. ئەگەر ئۇ ھەر دائىم ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان، چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ھەققىدە پىكىر ۋە خىيال قىلىدىغان كىشى بولسا، ئۇ ياخشى كۆرۈشكە، ئېتىراپ قىلىشقا، ھەمنەپەس بولۇشقا يارايدىغان كىشىدۇر». مانا بۇلار بىزنىڭ ياخشى ـ يامان كىشىلەرنى ئايرىيدىغان مىزانىمىز بولۇشقا لايىق پرىنسىپ. بىر ئادەمنىڭ دائىم كۆزلەيدىغىنى، ئويلايدىغىنى ياخشىلىقلا بولىدىكەن، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئىمكان تاپىدۇ، ئىمكانىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار ئولتۇرسا ـ قوپسا ياخشىلىقنىلا خىيال قىلىدۇ، ھەتتا چۈش كۆرسىمۇ ياخشىلىق قىلىپ چۈش كۆرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ روھى ياخشىلىققا پۈتۈنلەي باغلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىق ھەققىدىكى ئوي ـ خىيال ۋە ئۇرۇنۇشلىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىق روھىنىڭ نامايانىدىسىدىن ئىبارەتتۇر.

دىننىغا سادىق، تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ھەر دائىم ياخشى ئىشلار ئارىسىدا كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمۇ ياخشىلىق، قىلماقچى بولغانلىرىمۇ ياخشىلىق، كۆڭلىگە پۈككەنلىرىمۇ ياخشىلىق بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ھەر دائىم ياخشىلىقلارغا ۋولقان كەبى ئىنتىلىپ، جۇشقۇن ۋە ۋىجدانى راھەتتە بولىدۇ. بۇ خۇسۇستا پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق ھەدىس بار: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنى ۋە يامانلىقنى تەقدىر قىلدى ۋە ئۇلارنى ئويۇچۇق بايان قىلدى. كىمكى بىر ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلالمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز دەرگاھىدا كامىل بىر ياخشىلىق دەپ يازىدۇ. ئەگەر بىر ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلالىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئوندىن يەتتە يۈزگىچە، ھەتتا تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارنى يازىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر يامانلىقنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىغان بولسا ئاللاھ ئۆز دەرگاھىدا كامىل بىر ياخشىلىق دەپ يازىدۇ، ئەگەر قىلغان بولسا بىر يامانلىق دەپ يازىدۇ.»

يۇقىرىقى ھەدىستىكى «نىيەت قىلىش» ھەرگىزمۇ مۇنداقلا خىيالغا كەلتۈرۈش ۋە ئازلا ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنتۇپ قېلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. نىيەت دېگەندە چىن ئىرادە ۋە ئەمەلگە ئۆندەيدىغان ھەيدەكچى كۈچ بولىدۇ. ھەر دائىم ياخشىلىقنى كۆزلەش ۋە ياخشىلىقنى نىيەت قىلىش توغرىسىدا ساھابىلەرنىڭ مۇنداق سۆزلىرى بار:

ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كېچە قىيامىدا تۇرۇش نىيىتى بىلەن، ياتىدىغان يېرىگە كېلىپ، تاڭ ئاتقىچە ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئۇ كېچىگە نىيەت قىلغان ياخشى ئەمەلى يېزىلىدۇ».

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى نامازنى ياكى روزىنى ياكى ھەجنى ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلىپ، ئەمما نىيىتىنى ئورۇندىيالمىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنى نىيەت قىلغان ئىشنىڭ ئەجرىگە مۇشەررەپ قىلىدۇ».

زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئۆلىمالارنىڭ قېشىغا كېلىپ ‹كىم مېنى ھەر دائىم ئاللاھقا ئەمەل قىلغان ھالەتتە بولالايدىغان بىر ئەمەلگە باشلاپ قويىدۇ؟! مەن كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ قايسى بىر سائەتلىرىدە ئاللاھقا ئەمەلسىز ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن› دېدى. ئۆلىمالار ئۇنىڭغا ‹تىلەككىنىڭگە يەتتىڭ، قادىر بولالىغانچە ئەمەل قىلغىن، ناۋادا سۇسلاپ قالساڭ ياكى داۋاملاشتۇرالماي قالساڭ، ئەمەل قىلىش نىيىتىدە بولغىن. شۈبھىسىزكى، ياخشىلىقنى نىيەت قىلغۇچىمۇ ئۇنى قىلغۇچىغا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ ئىمام ئەھمەد دادىسىغا «ئى دادا ماڭا ۋەسىيەت قىلغىن» دېدى. ئىمام ئەھمەد ئوغلىغا «ئى ئوغلۇم ھەر دائىم ياخشىلىقنى نىيەت قىلغىن. شۈبھىسىزكى سەن ياخشىلىق نىيىتىدىلا بولىدىكەنسەن، ياخشىلىقتا بولىسەن» دېدى.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز - يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. سالىھ ئادەملەر دېگىنىمىز باشقا جىمى مەخلۇقاتلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ۋە ياخشىلىق تىلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ ياخشىلىق ۋە نېمەت ئىچىدە بولغانلىقىنى كۆرسە خۇرسەن بولىدۇ.

2. ياخشىلىقنى كۆزلەيدىغان ۋە ئۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپلا يۈرىدىغان كىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزىنى ياخشىلىقلارغا ئۇرۇپ تۇرۇشتۇر. ئەگەر ئۇ ياخشىلىققا ئىمكان تاپالمىسا ۋە ياكى شارائىتى يار بەرمىسە، دائىم ئىمكانىيەت ئىزدەيدۇ ۋە شۇ ياخشىلىقنى كۆز ئالدىدىن كەتكۈزمەيدۇ. بۇمۇ شۇ ئادەمگە ياخشىلىق بولۇپ پۈتۈلىدۇ.

3. دائىم ياخشىلىقنى كۆزلەشتىن ئەڭ چوڭ پايدا ئالىدىغىنى ياخشىلىق قىلىنغۇچى بولماستىن، بەلكى يەنىلا شۇ ياخشىلىقنى كۆزلىگۈچى ئۆزى بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نىيىتىگە يارىشا چەكسىز ئەجىر ۋە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ.

4. سىلەرنىڭ ياخشى نىيەت ۋە ئېزگۈ تىلەكلىرىڭلار خاراكتېرىڭلارنىڭ، قىممەت قارىشىڭلارنىڭ، مىللەتپەرۋەرلىكىڭلارنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكىڭلارنىڭ ئالامىتى بولسۇنكى، كىشىلەر سىلەرنى شۇ ئالامەتلەر ئارقىلىق تونۇسۇن.

5. ھەر كۈنى ئاز بولسىمۇ بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆزۈڭلارغا ئادەت قىلىڭلار. مەسىلەن: بىرەر تەڭگە سەدىقە قىلىش، بىرەر دوستۇڭلارنى يوقلاش، گاڭگىراپ قالغان بىرەرسىگە يول كۆرسىتىش، بىرەر ساۋاقدىشىڭلارنىڭ دەرسىگە ياردەملىشىش ۋە باشقىلارغا ئاۋۋال سالام بېرىش... دېگەندەك.

6. ھەر دائىم نىيىتىڭلارغا پۈككەن ئىش بىلەن ئەمەلىيەتتە ئايلاندۇرغان ئىشىڭلارنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇڭلار. نىيىتىڭلار بۈيۈك، ئۇلۇغ بولسۇن ۋە ئۇنىڭغا يېتىشكە ھەر دائىم سەئيى قىلىڭلار.

7. ياخشى نىيەت ۋە ئۇلۇغۋار غايە ئىنساننى پەس ئىشلاردىن توسىدۇ. شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۆز مەركەزچىلىك خاھىشلىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

8. ئۇلۇغ نىيەت ۋە غايىلىرىڭلارنى ئائىلەڭلاردىكىلەر ۋە دوستلىرىڭلار بىلەن

ئورتاقلىشىشقا ۋە ئۇلاردىن مۇناسىپ مەسلىھەت ئېلىشقا، زۆرۈر تېپىلغاندا ياردەم سورىشى.

## 42 ـ گۈلخان

ۋەتەنپەرۋەرلىك - ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە تەقدىم قىلىش دېمەكتۇر

ۋەتەننىڭ تىنىچ ـ ئامانلىقى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن ئۆز ۋەتىنىدە تىنىچ، خاتىرجەم ياشاش نېمىتى ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا مەرھەمەتتۇر. ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولمىغان، پاناھلىق تىلەش ئورۇنلىرىدا چارىسىزلىك ۋە غۇربەتچىلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان كىشى بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى تازا بىلەلمەيدۇ.

بىر مۇسۇلمان ئۆز ۋەتىنىنى ياخشى كۆرسە، ۋەتىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالسا؛ ۋەتىنى ۋە ۋەتەنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەن دېسە... دېمەك، بۇ كىشى ئۆزىنى ۋەتەن ئۈچۈن پىدا قىلىشى ۋە شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ئىللەتلىرىدىن تازىلىنىشى كېرەك. ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش، ئىگە چىقىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش... ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

ۋەتەن مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق ھەرىكەت قىلىش، ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئىشلارغا ھەسسە قوشۇش ھەر بىر پۇقرانىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى. بۇ مەجبۇرىيىتىنى ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باقمىغان كىشىلەر ئانچە ھېس قىلىپ بولالمايدۇ. ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئايرودرۇملاردا، ئىش ئورۇنلىرىمىزدا ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەردە كۆتۈرۈۋالغان پاسپورتىمىزغا كۆزە مۇئامىلىگە ئۇچرايمىز. مانا شۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزنىڭ بىر شەخسلا ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن بىر كارتىنىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭلاشقا ۋەتىنى قوغداش ۋە دۆلەت قۇرۇش ئىشلىرىغا كۆرسەتكەن ھەر قانداق تىرىشچانلىق ماھىيەتتە ھەر بىر ۋەتەنداشنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن سالغان قىممەتلىك مەبلىغى ھېسابلىنىدۇ.

ئېسىل نەسەبلىك، ئالىيجاناب، سۆزۈك روھ ئىگىلىرى قانچىلىك شان ـ شۆھرەت ۋە شەرەپلەرگە ئېرىشىپ كەتسىمۇ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋەتىنىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. چۈنكى ۋەتەننى سېغىنىش ۋاپادارلىق، ئالىيجانابلىق ۋە يۈكسەك روھقا ئىگە بولغانلىقنىڭ تۇيۇقى ئالامىتىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەببان ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «ئى ئەببان مەككە قانداقراق قالدى» دەپ

سورايدۇ. ئەببان «مەككىدە چىغلار خىلى بوي تارتتى، كۆرمەكئوتلار يوپۇرماق چىقاردى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆسمۈرلىكىدە ئىز قالدۇرغان يوللارنى، باللىقىدا ئوينىغان داللارنى ئەسلەپ قالغانىدى.

بىر مۇئمىن - مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ۋەتەن سۆيگۈسى ئۇنىڭ دىنىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھېچكىم ئۆزىنىڭ پۈتنى قويغۇدەك بىر يەرگە ئىگە بولالماي تۇرۇپ، خار ھالەتتىكى مۇساپىرچىلىقىدا دىنىنى ئالىي قىلالمايدۇ. ناۋادا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى، ئىسلام بايرىقىنىڭ مەغرۇر لەپىلدىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولساق، بىز چوقۇم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان ۋەتەننى قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز، ھىمايە قىلىشىمىز، ۋەتىنىمىزنى مېھىر - مۇھەببەت، ئەمىنلىك ۋە ئىستىقرار بولغان، گۈللەنگەن بىر ئائىلىگە ئايلاندۇرۇشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

بىزنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمىز بەزىدە نەق نەتىجىسىنى كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭغا قاراپلا بىز ۋەتەنگە تىجارەتچىلەرچە مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك. «مەن ۋەتەنگە مۇنچىلىك بەدەل تۆلىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنچىلىك ئىمتىيازغا ياكى ئەۋزەللىككە ئېرىشىشىم كېرەك» دەپ ئويلىشىش ھەقىقىي ۋەتەن سۆيگۈسىگە زىت كېلىدۇ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بېغىشلىغانلىرىمىز ماھىيەتتە دىنىمىزنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغانلىرىدۇر.

داڭلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر ھۆر كىشىنىڭ ۋەتەنگە تۆلەيدىغان قەرزى بار».

بىز ھەر دائىم ئۆزىمىزدىن «ۋەتەن ئۈچۈن نېمە قىلدىم» دەپ سورىشىمىز كېرەككى، ۋەتەن ماڭا نېمە قىلىپ بەردى دەپ سورىمايدۇ. بىر ۋەتەننى ياخشى، پاكىزە دېگىنىمىزدە شۇ ۋەتەننىڭ ئەۋلادلىرىنى ياخشى پاكىزە دېگەن بولىمىز. يەنى پۇقرالار قانداق بولسا ۋەتەن شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز گۈزەل، گۈللەنگەن، ئەدلى - ئادالەتلىك، سالىھلىرى كۆپ بىر ۋەتەننى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، چوقۇم پۇقرىقى سۈپەتلەرنى ئۆزىمىزدە ھازىرلىغان بىر ۋەتەنداش بولۇشىمىز كېرەك.

ياراملىق، نەمۇنىلىك ۋەتەنداش (پۇقرا) بولۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە سۈپەتنى ھازىرلىشىمىز لازىم:

1. ۋەتەنگە ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەت بولۇش. ۋەتەننىڭ ھەممە ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ۋەتەنگە ئەمەلىي خىزمەت ئارقىلىق تۆھپە قوشۇش ۋە ۋەتەننىڭ شەنىنى قوغداش.

2. ھەر دائىم ئۆزىنى ۋەتىنىنىڭ بىر پارچىسى ھېس قىلىش ۋە بۇ تۇيغۇدىن ئىپتىخارلىنىش. بۇ ئاساسلىق مۇنداق ئىككى ئىشتا ئىپادىلىنىدۇ:

ئەخلاقلىق، ئىستىلى ياخشى ۋە ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇش.

ئىجادچان روھقا ئىگە بولۇش ۋە ۋەتىنىنى يۇقىرى سانائەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

3. شەخسىي ھۆرلۈكى ۋە شەخسىي قىزىقىشلىرىنى ئۆزى تەۋە جەمئىيەتنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن چەمبەرچەس باغلاش. ئۆز ۋەتىنىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىش. ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش.

4. ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئۆزىنى يارامىلىق ۋە ئىقتىدارلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈش.

5. ۋەتەن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە دەرھال قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغۇچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇش. ئەگەر بۇلارنى قىلالمىسا، ھېچ بولمىغاندا ۋەتەنگە يۈك بولۇۋالماسلىق، بۇمۇ ۋەتەنگە قوشۇلغان بىر تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

6. ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە مۈلكىدىن مەلۇم مىقداردا ئاجرىتىپ تۇل ئاياللار، يېتىم باللار ۋە مېيىپلاردىن ئىبارەت ۋەتىنىنىڭ ئاددىي پۇقرالىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش.

7. ئۆزى ياشاۋاتقان، ئۆزىنى باغرىغا ئالغان ئورۇندا ساپالىق، مەدەنىيەتلىك ئاھالە بولۇپ ياشاش. شۇ يەر ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش.

8. ۋەتەنگە ئەڭ زىيانلىق پۇقرالار توختىماي ئۆزىنىڭ قەدىمقى شان - شۆھرەتلىرىنى داۋراڭ قىلىشىپ، ئۇنى ناخشا قىلىپ تۈۋلىشىپ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىدىغان، ۋەتىنىنىڭ شان - شەرىپىنى قوغدىمايدىغان، ۋەتىنىنىڭ ئابرويىغا داغ چۈشۈرىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ بىزنى بۇنداق كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن!

## 43 ـ گۈلخان

### تەقۋادارلىق روھى يېتىلدۈرۈڭلار

ئاللاھ تائالا بىزگە ئىمان ۋە ھىدايەتنى نېمەت قىلىپ بەردى. بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ۋە تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈش ئىلاھىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ۋە ھاياتىمىزدىكى ھەر بىر قەدەمدە شۇ پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن ياشاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىسلامدىكى بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرى بىر نەرسىگە مەركەزلەشكەن. ئۇ بولسىمۇ مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە، ئەقلىدە، ئىستىلدا بەندىلىك مەنىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش. يەنى بەندىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىدىغان، ئاللاھتىن ھايا قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان، دائىم ئۆزىنى ئاللاھ بىلەن بىللە ھېس قىلىدىغان، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندايدىغان ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىدە توختايدىغان ھالغا ئېلىپ كېلىشتۇر.

ھازىر ئىنسانلار ئاڭ، پىكىر، ئىلىم ۋە ئىقتىسادتا نۇرغۇن تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما روھىي تەرەپتىن، بولۇپمۇ ئۆزىنى ئاللاھ بىلەن بىللە ھېس قىلىش روھى تەرەپتىن كۈنسېرى چېكىنىپ كېتىۋاتماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتلىرى كۆپ بولۇپ كەتتى، ياشاش ئۇسۇلى بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپەيدى. بولۇپمۇ، كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرى ۋە ئويۇن ـ تاماشالار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئارتىپ كەتتى. ئۆي ـ ئۆيلەردىكى تېلېۋىزور ۋە ئىنتېرنېت نۇرغۇن ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتتى.

ئىنسان تولىمۇ ئاجىز، ئۇ ئاسانلا قورقۇنچ ۋە غېرىبلىق ھېس قىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر دائىم نامەلۇم خەۋپلەردىن ۋە ماددىي بېسىملاردىن ئۆزىنى قوغدايدىغان، بىر كۈچكە ئېھتىياج ھېس قىلىدۇ. ئىنساننى بۇلاردىن قوغداپ قېلىشتا ئاللاھقا بولغان رىشتىدىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك بىر قوغدىغۇچى يوق. بۈگۈنكىدەك گۇمانخورلۇق ئەۋج ئالغان، شەھۋەتلەر قۇترىغان ۋە مۇرەككەپلىككە تولغان بىر دۇنيادا ئۆزىنى پاك تۇتىمەن، ئاللاھقا لايىقىدا بەندە بولىمەن دېگەن كىشىنىڭ قانچىلىك جاپا تارتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. مېنىڭ روھىي تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىشنى كۈچەپ تەكىتلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، غەلىبە ۋە نۇسرەت ئىمكانىيەتلىرى تامامەن مەۋجۇت. لېكىن بۇنىڭمۇ شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ قۇرئانىي يول يورۇقلارغا قۇلاق سېلىش، شۇنداقلا ئۇ كۆرسەتمىلەرنى جان ـ دىلىمىز

بىلەن قوبۇل قىلىش. ئەبۇ مۇسلىم خۇلانى مۇنداق دېگەندى: «ساھابىلەر ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىزدىنمۇ بەكرەك سادىق دېيىشەمدۇ؟! بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزگە شۇنداق ئەگىشىمىزكى، ساھابىلەر ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەركەكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ». شۇنداق، بىزمۇ گەرچە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇبارەك سۈننەتلىرى بار. بىز ئەبۇ مۇسلىم خۇلانى ئېيتقاندەك قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەگىشىشتە، پەيغەمبىرىمىزگە ئىتائەت قىلىشتا ئەھدىسىگە ۋاپادار، ئامانەتدار مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىز كېرەك.

بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە نۇقتا دائىم كۆز ئالدىمىزدا بولسۇن:

1. ھەر دائىم كەلگۈسىمىز ۋە ئاقىۋىتىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى ئەسلەپ تۇرۇش ۋە دائىم زېھنىمىزدا ئۇنى يېگىلاپ تۇرۇش ۋە مەنىسىنى چۈشىنىش.

2. ھەرقاچان بىر ياخشىلىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە، ئىچىمىزدە «بۇ ئىش ئاللاھنى رازى قىلىدۇ» دېيىش ۋە دەرھال ئۇنىڭغا ئاتلىنىش. بىراۋغا تەبەسسۇم بىلەن بېقىش، ئاۋۋال سالام قىلىش، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش، ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلىش، ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىغا سۆيۈش ۋە دوستلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش... دېگەندەك ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ كىچىك كۆرمەي قىلىش.

3. قەلبتە ئىلاھىي مۇھەببەت ھېس قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى ھەر كۈنى بامداتتىن بۇرۇن تۇرۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلىش ۋە كۆپلەپ نامازئوقۇش. مەن ياشلاردىن بۇ نۇقتىغا بەك ئەھمىيەت بېرىشنى، شۇنداقلا كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر بۇنىڭغا ئادەتلەنسەڭلار، ناھايىتى روشەن پايدىسىنى كۆرىسىلەر ۋە ھاياتىڭلارنىڭ ھەر تەرىپىدە ئىپادىلىرىنى ھېس قىلالايسىلەر...

4. ئاللاھقا ئۆز لايىقىدا زار ـ تەزەررۇ قىلىش ۋە يالۋۇرۇش. يەنى ئاللاھقا قايسى سائەتتە كۆپلەپ دۇئا قىلىش، قانداق دۇئا قىلىش، قانداق يىلىنىش، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قانداق ھالدا تۇرۇش... دېگەندەكلەرنى ئۆگىنىڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەيۇ ـ مەغپىرىتىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ياردىمىگە بەكمۇ موھتاج ئىكەنلىكىڭلارنى ئىزھار قىلىڭلار. ئاللاھقا كۆپلەپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىڭلار. كۆپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان، كۆپلەپ زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتقان كىشىنىڭ قەلبى سۆزۈك، ئاللاھقا بولغان رىشتىسى كۈچلۈك بولىدۇ.

5. ئاللاھنىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھېكمەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن غاپىل قىلىدىغان بارلىق ۋاسىتىلەرگە قارشى

تــۇرۇقلار.

يۇقىرىــدا ئېيتىلغانلىــرى قىلغىلــى بولمايدىغــان زىرىكىشــلىك ئىشــلار ئەمــەس، بەلكى روھىمىزنىــڭ سىلكىنىشــىگە، قەلبىمىزنىــى جانلاندۇرۇشــقا ۋە ھاياتىمىزنىــڭ گۈزەللىكلىــرى ۋە خۇشــاللىقلىرىنى يېڭىدىــن ھېــس قىلدۇرۇشــقا پايدىســى بولىدىغان ئىشــلار.

## 44 ـ گۈلخان

ئىلىم ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ

كىشــىلەر «ئىلىــم ئۈســتۈنمۇ ئەقىلمــۇ» دېگــەن تېمىــدا كــۆپ دەتالاش قىلىشــتى. ئىجادىيــەت، كەشــپىيات ۋە تەرەققىيــات بابىــدا بــۇ ئىككىســىنىڭ ئــۆز ئالدىغــا ئالاھىدىلىكلىــرى بــار. تارىختــا «ئىلىمنــى ئەقىلنىــڭ ئۈســتىگە قويــۇش پىشــقان زىيالىيغــا ياراشــمايدۇ» دەيدىغــان قاراشــلارمۇ بولغــان. بــۇ ھەقتــە نۇرغۇنلىغــان ئەدەبىــي مۇنازىرىلــەر بولــۇپ ئۆتكــەن.

بىر شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئىلىم، ئەقىل بىر كۈنى چۈشكەن ئىمىش جاڭجالغا،
دېيىشىپتۇ «قايسىمىز لايىق ئالىي ماقامغا».
ئىلىم دەپتۇ: «غايىگە يەتكۈزگۈچى مەن ئۆزۈم»،
ئەقىل دەپتۇ: «ئاللاھنى مەن تونۇتقان ئىنسانغا».
ئىلىم چايقاپ بېشىنى، دەپتۇ: «ئويلا ئى ئەقىل!
سۆيەت بولدۇق قايسىمىز رەببىمىزگە قۇرئاندا؟»
ئۇلۇغلۇقى ئىلىمنىڭ ئايان بوپتۇ ئاشۇ چاغ،
ئەقىل سۆيۈپ ئىلىمنى خوشلاشقانمىش قايتقاندا.

يوقســۇ، بىــز ھېچقاچــان ئەقىلنىــڭ قۇدرىتــى ۋە ئۇنىــڭ رولىغــا ســەل قارىمايمىــز. ئىلىمنــى پىششــىقلاپ ئىشــلەش، رەتلــەش ۋە ئۇنــى غايىگــە خىزمــەت قىلدۇرۇشــتا ئەقىلنىــڭ رولىنــى ھەرگىــز ئىنكار قىلغىلــى بولمايــدۇ. مۇۋەپپەقىيــەت ۋە ئىجادىيەتتــە ئىلىــم بىلــەن ئەقىــل ھــەر ئىككىســى ناھايىتــى مۇھىــم ئاساســلار ھېســابلىنىدۇ. بىزنىــڭ دېمەكچــى بولغىنىمىــز، ئىلىــم قانچىكــى ئــاز بولغانچــە ئەقىــل ئۆزىنــى كۆرسىتىشــكە باشــلايدۇ. ئىلىــم كۆپەيگەنسېرى ئەقىــل پەســكويغا چۈشــۈپ، ئىلىمنىڭ خىزمىتىگــە ئۆتىــدۇ.

ھازىــر ئىلىمنىــڭ ساھەســى ناھايىتــى كــۆپ خىللاشــتى. بــەزى تەتقىقــات نەتىجىلىرىگــە قارىغانــدا ئىلىــم ھــەر ئــون بــەش يىلــدا بىــر ھەسســىلەنمەكتە ئىكەن. ئىلىــم قانچىكــى كېڭەيگەنســېرى، قانچىكــى ئومۇملاشقانســېرى ئەقىــل ئۆزىنــى كــۆز

ـ كۆز قىلىشتىن توختاپ، ئىلىمغا خىزمەت قىلىشقا باشلايدۇ. دېمەك، ھازىرقى كۆچلۈك قاراش شۇكى، ئىلىم ئەقلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق مەنبە. بىز ئەقلىنى تۆگمەنگە، ئىلىمنى بۇغدايغا ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن. تۆگمەن قانچىكى ھەيۋەت، قانچىكى ياسىداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا دان قويمىسىڭىز ئۇن چىقمايدۇ. قوناق قويسىڭىز قوناق ئۇنى، بۇغداي قويسىڭىز بۇغداي ئۇنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ھېچنەرسە قويمىسىڭىز، تاراقشىپ قۇرۇق ئايلىنىدۇ، خالاس!

ياخشى مائارىپ تەربىيەسى ئالغان، ئۇلى پۇختا، تىرىشچان بىر ئادەم ئىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز، ئەمما قالتىس ئۆتكۈر پىكىر قىلىدىغان بىر ئادەمدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە يىللىق ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات باھالاش يىغىلىشلىرىدا پىكرنى ئەمەس، ئىلىم زاپىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەقىل پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارغا ئورتاق، ئوخشاش تەقسىم قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىش پۇرسىتى ۋە شارائىتلىرى تۈپەيلى پەرقلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئەقىلدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىغان كىشى نېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن!

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە بولغان مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كەلگۈسىڭلارنى ئۆزۈڭلاردىكى ئەقىل ۋە زەكىيلىككە ئىشىنىپلا پىلانلىماڭلار. بەلكى، نىشانغا يېتىشتە زۆرۈر بولغان پايدىلىق ئىلىملەرنى كۆپ ئۆگىنىڭلار.

2. ھەرگىزمۇ ئەتراپىڭلاردىكىلەرنىڭ ياكى بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىلەرنى «ئەقىلسىز، دۆت» دېگەن باھالىرىغا ئىشەنمەڭلار. ۋاقتىڭلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن بىلىم ئۆگىنىڭلار، ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان ساھەدە كۆپلەپ بىلىم زاپىسى توپلاڭلار.

3. ئىلىم ئۆگىنىشتە قانچىكى بىلىملىك كىشىدىن ئۆگەنسەڭلار شۇنچە ياخشى. ئادەم بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنى ئۇستازلىرىغا قىياسلاپ باقىدۇ، شۇلارغا ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ ـ دە، بۇ خىل ئىستىكى ئۇنىڭ تىرىشىشىغا بەك تۈرتكە سەۋەب بولىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇغاندىمۇ مۇمكىنقەدەر ئەڭ داڭلىق، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇڭلار. چۈنكى ياخشى مائارىپ تەربىيەسى ئادەمنىڭ بەزى ئەقلىي نۇقسانلىرىنى يېپىپ كېتەلەيدۇ.

4. سەۋرچانلىق، ئىرادە ۋە سىرلارچە ئۆگىنىش روھى بولسىلا ئىرادىسىز، ئويۇن قىيپى ئاقىللارنى ئۆتۈپ چىققىلى بولىدۇ. توشقان بىلەن تاشپاقا ئارىسىدىكى مۇسابىقە ئېسىڭلاردا بولسۇن. توشقان ئۆزىنىڭ ئايىغىنىڭ چاققانلىقىغا مەغرۇرلىنىپ مەغلۇپ بولدى، تاشپاقا بولسا، ئاستا قەدەم بىلەن ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۇتۇپ چىقمىدىمۇ؟!



# مەرىپەتلىك بولاي دېسىڭىز،
# مەرىپەتنىڭ ئوقۇرمىنى بولۇڭ!

